# 9 ئادەمنىڭ ئۇيغۇرىستان غايىسىدىن شەرقىي تۈركىستانغىچە

## تۇنجى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە 100 يىل

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

2018 - يىلى، نويابىر

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە

تۇنجى"ئۇيغۇر جەمئىيتى" نىڭ دۇنياغا كېلىش سىياسي ئارقا كۆرۈنۈشى

رۇس شەرقشۇناسلىرى : ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىمى ۋە مەدەنىيەت ياراتقان خەلق

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى

يەتتىسۇ گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇرلار دىياردا

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېف باشلىغان ئۇيغۇرلۇق يولى

"ئۇيغۇر جەمئىيتى " ۋە ئۇنىڭ تەركىبى

"ئۇيغۇر جەمئىيتى" نىڭ تۈپ نىشانى ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكنى تىكلەش

ئۇيغۇر جەمئىيتىدىن" ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" غىچە

"ئۇيغۇرىستان" ۋە " شەرقىي تۈركىستان"

" پانتۈركىزم" ۋە " پانئىسلامىزم"

خۇلاسە ئورنىدا

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنى ئاساسىي سىياسىي يادرو قىلغان، ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە بارلىق ھوقۇقلىرىنى قوغداش، شۇنىڭدەك ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ سىياسىي ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تەشكىلاتچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ 100 يىللىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. بۈگۈنكى كۈنلەردە ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى مەملىكەتلەرگە تارقالغان ئۇيغۇرلار "ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى" ، " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" ، " ئۇيغۇر بىرلەشمىسى" ، " ئۇيغۇر كومىتېتى" دېگەندەك مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ ئالدىغا تۈرلۈك دۆلەت ناملىرى ۋە باشقا ناملارنى بىرلەشتۈرگەن كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر نامىنى ئىشلەتمىگەن " شەرقىي تۈركىستان" نامى ئاستىدا كۆپلىگەن ئاممىۋى-سىياسىي تەشكىلاتلارمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستان نامى ئاستىدىكى تەشكىلاتلار 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پائالىيەت قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان نامى ئاستىدا مۇستەقىللىق جاكارلىنىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ئىدى.

ئېنىق بولغان يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىق تارىخى 100 يىلنىڭ ئالدىدىن باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ 100 يىللىق ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىق مۇساپىسى 20- 21- ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئاممىۋى- سىياسىي تەشكىلاتى، يەنى 1919- يىلى 2- ئايدا قۇرۇلغان " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" دىن باشلىنىدۇ. 2019- يىلى،2- ئايدا مەزكۇر " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" گە ساق 100 يىل توشىدۇ. ئەسكەرتىش كېرەككى، 20- 21- ئەسىر تارىخىدىكى ئۇيغۇر نامىنى تەشكىلات ئىسمى قىلىپ قوللانغان مەزكۇر " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" قەشقەردە، غۇلجادا ياكى تۇرپاندا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭ گەۋدىسىنىڭ سىرتىدىكى تارماق گەۋدىسى جايلاشقان ئالمۇتا شەھرىدە قۇرۇلغان ئىدى.

100 يىل ئالدىدا قۇرۇلغان مەزكۇر " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" دەسلەپتە 9 ئادەمدىن تەركىب تاپقان ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ۋە گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك بۇ مىللىي نامنى پۈتۈن ئۆز تارىخىي نامىنى ئۇنتۇپ كەتكەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى، يەتتىسۇ ۋە پەرغانىدىكى ئاشۇ قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئاھالىلەرگە، يەنى ئۇيغۇرلارغا ئومۇملاشتۇرۇشنى مۇددىئا قىلغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ غايە ئۇلار كۆزلىگەن مەقسەتلەرگە مەلۇم دەرىجىدە يەتتى.

ئۇنداقتا بۇ 9 ئادەم كىملەر؟" ئۇيغۇر جەمئىيىتى" قانداق تەشكىلات؟ ئۇنىڭ غايىسى ، كۈرىشى، مەغلۇبىيىتى ۋە غەلىبىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇ ماقالىدە يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىلگەندىن تاشقىرى يەنە 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدا جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش ۋە ئۇيغۇر نامىنى دۆلەتچىلىك ھەم ئېتنو- سىياسىي كىملىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە توختىلىنىدۇ.

**تۆنجى"ئۇيغۇر جەمئىيتى" نىڭ دۇنياغا كېلىش سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى**

گەرچە، ئۇيغۇرلار مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن، 19- ئەسىردە توختىماي كۈرەش قىلىپ، كۆپ قېتىم ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق، 1878- يىلى يەتتەشەھەر دۆلىتى زو زوڭتاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، مانجۇر- ختاي قوشۇنلىرى 1881- يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى ئىشغال قىلدى شۇنىڭدەك 1884- يىلى " يېڭى زېمىن" ، " يېڭى چېگرا" نامىدىكى تېپىك مۇستەملىكىلىكنىڭ پاكىتى بولغان مەزكۇر "شىنجاڭ" ئاتالغۇسىنى بۇ بېسىۋالغان زېمىنغا رەسمىي نام قىلىپ قويدى.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پۈتۈن مەركىزىي ياۋرو- ئاسىيا رايونىدا كۆتۈرۈلۈشكە ۋە كۈچىيىشكە باشلىغان جەدىدچىلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ، ئۆز مىللىي ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ھەم كۈچەيتىشكە كىرىشتى. 1917- يىلى، نويابىردا رۇسىيەدە يۈز بەرگەن "ئۆكتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشى"دىن كېيىن شەرق خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق شوئارى،جۈملىدىن مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا رايونىدىكى مىللىي ئازادلىق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورتاق تۈرك مىللىي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىسى بىلەن بىرگە يەنە، تاتار-باشقۇرتلار، ئۆزبېكلەر، قازاق - قىرغىزلار ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆز ئايرىم مىللىي سىياسىي گەۋدىسىنى تىكلەش، ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىكنى ئاساس قىلغان مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش ھەم كۈچەيتىشمۇ بىر ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مانا شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك سىياسىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ،1917- 1920- يىللىرى ئارىسىدىكى ئۆزبېكلەر ۋە بىر قىسىم تاجىكلارنى ئاساس قىلغان مۇنەۋۋەر قارى، ئابدۇرەۋۇپ فىترەت، فەيزۇللا خوجايېف ۋە باشقىلار ۋەكىللىكىدىكى مىللەتچىلىك ،جەدىدچىلىك نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان" ياش بۇخارالىق" ، " ياش خىۋەلىكلەر" ،"شورائىي ئىسلامىيە" ، ئىسلامى دىنىي ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان " شورائىي ئۇلىما" ، قازاقلارنىڭ " ئالاش ئوردا" ، يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ھۈسەيىنبەگ يۈنۇسوف قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى " تارانچى –تۈڭگان كومىتېتى" قاتارلىق تەشكىلاتلار مەشھۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ كوممۇنىستىك گۇرۇپپىلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ،رۇس بولشېۋىكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىشىنى توسۇش ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا كوممۇنىستلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلاردىن "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى" گۇرۇپپىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشنىمۇ باشلىغان ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تاتار مىللەتپەرۋەرلىرىدىن سۇلتان غالىيېف قاتارلىقلارنىڭ "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى" ئىدىيىسى بىر مەزگىل تەرغىب قىلىندى. مانا شۇ داۋالغۇشلار جەريانىدا يەتتىسۇ ۋە پەرغانىدىكى ئاڭلىق ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ختاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇش نىشانى بويىچە كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇلار بۇ غايىگە يېتىشتە رۇسىيە بولشېۋىكلەر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش شوئارىغا تايىنىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى ۋە ياكى بۇخارا خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى، خارەزىم خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش

مودېلدىكى مۇستەقىل "ئۇيغۇرىستان" جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى، ئۇنىڭسىزمۇ رۇدزۇتاك باشچىلىقىدىكى رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان كومىسسىيەس1920- 1921- يىللىرى ئارىسىدا " قەشقەرىيە" ، " جۇڭغارىيە " سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزگەن بولۇپ، بۇ لايىھىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زور ئىلھام بولۇشى تەبىئىي ئىدى. " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" ئەنە شۇنداق دەۋر شارائىتىدا دۇنياغا كەلدى.

مانا شۇنداق داۋالغۇش مەزگىلىدە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن چېگرىداش ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىلكىنىشلەر باشلاندى، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا مىڭلاپ ئىشلەش ئۈچۈن بارىدىغان ئۇيغۇرلار ئۇ يەرلەردىكى داۋالغۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايتتى. بۇ داۋالغۇشلاردىن چۆچۈگەن ياڭ زېڭشىن بولسا پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن قوشنا رايوندىن كېلىدىغان بۇ داۋالغۇشنى ۋە ياكى ئۇنىڭ تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يۇرتنىڭ مەنسەپپەرەس، نەپسانىيەتچى ئاقساقاللىرى، يېڭىلىقنى خالىمايدىغان، كالىلىسى ئېچىلمىغان، قوشنا ئەللەردە، دۇنيادا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر بىر قىسىم مولللارنى، دىنىي زاتلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارغا دىنىي جەھەتتە كەڭ تەرغىب قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار، قوشنا ئەللەرنى، مۇسۇلمان ئەللىرىنى كەزگەن ،كالىلىسى ئوچۇق، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىش ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە باشلاش ئىدىيىسىگە ئىگە ئاز ساندىكى دىنىي زاتلارنى، سودىگەر- كارخانىچىلارنى شۇنىڭدەك سانى ئىنتايىن ئاز بولغان زىيالىيلارنى چەكلەش، ئۇلارغا زەربە بېرىش چارىسى قوللاندى. پۈتۈن خەلقنىڭ ئاڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ياڭ زېڭشىنىنىڭ بۇ سىېھرگەرلىكى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىنىڭ ئازغىنا ئەپيۈنكەش، ساپاسى تۆۋەن ئەسكەرلىرى بىلەن 17 يىل ئىدارە قىلالىدى. بۇ ئەھۋالنى مەشھۇر تارىخچى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا لىللا مەيداندا تۇرۇپ خۇلاسىلەيدۇ[1]. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر، بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىنىڭ بىر قاتار" دۆتلەشتۈرۈش" ،"نادان قالدۇرۇش" ، "ئۆز مىيى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش" ، "ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن باشقۇرۇش" تاكتىكىلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ بېشىدىلا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن كەلگەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسەتلىرى قولدىن كېتىپ قالدى. ياڭ زېڭشىنىڭ ھىيلە- نەيرەڭلىك باشقۇرۇش تاكتىكىلىرى ئاستىدا تۈركىيەدىن قەشقەرگە كەلگەن ئەخمەت كامالنىڭ "ئىتتىخات ۋە تەرەققىي" تەشكىلاتىنىڭ تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەم مىللىي ئاقارتىشنى تەرغىب قىلىشى، مەسئۇد سابىرى ۋە مۇساباييوفلارنىڭ تۈركچىلىكنى ئاساس قىلغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىمۇ يېتەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. مۇتلەق زور قىسىم ئۇيغۇر خەلقى ياشايدىغان، خىتاي ئاھالىسىنىڭ سانى پۈتۈن جەنۇبى ۋىلايەتلەردە بەلكى بىر قانچە مىڭلا بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئومۇمىيۈزلۈك مىللىي ئويغىنىشى بارلىققا كەلمىدى.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 1900- يىلى قەشقەردە تۇرغان رۇس جاسۇسى،كېيىنكى رۇسىيە ئارمىيىسى قوماندانلىرىدىن گېنېرال لېيتنانت لاۋر كورنىلوۋ ئۆزىنىڭ " قەشقەرىيە ياكى شەرقىي تۈركىستان" ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە 1900- يىلى پۈتۈن قەشقەرىيەدىكى خىتاي ئاھالىسىنى ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇپ، 6000 ئادەم دەپ ھېسابلىغان ئىدى[2]. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە روشەنكى، بۇ ساناق ئانچە كۆپەيمىدى خالاس. ئۇنىڭ

---

[1] مۇھەممەدئىمىن بۇغرا. شەرقىي تۈركىستان تارىخى .ئەنقەرە.1998- يىلى._370-371 بەتلەر

[2] لاۋركورنىلوۋ. "Kashgaria Ili Vostochny Turkestan". 1900. تاشكەنت. 230- بەت

دەۋردە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپلىگەن ناھىيەلەردە ھەتتا پەقەت ھاكىم ۋە بىر قانچە  ھۆكۈمەت خادىمى ،ساقچى ھەم ئاز ساندىكى سودىگەردىن باشقا ختاي ئاھالىسىمۇ يوق ئىدى.  ھەر قايسى ناھىيەلەردە يېتەرلىك  ھەربىي قوشۇمۇ يوق ئىدى. بار قوشۇنلارمۇ ئەپيۇنكەش، ئىنتىزامسىز، ھەربىي مەشىق كۆرمىگەن ئەسكەر ۋە خىيانەتچى  ئوفىتسېرلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلاردا ھەربىي جەڭگىۋارلىقمۇ يوق ئىدى.

شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز خەلقىنىڭ غەپلەتتىكى ھالىتىنى  كۆرۈپ، 1921- يىلى،"ئويغان ئۇيغۇر"  ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىنىشقا چاقىرىپ،  ئەگەر بۇ قېتىم  پۇرسەت قولدىن كەتسە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ  ئەبەدىيلىك پۇشايماندا قالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى تراگېدىيسىنى، يەنى  مىليون كىشى لاگېرلارغا سولىنىدىغان، ئائىلىلەر ۋەيران بولىدىغان،مىللەت سۈپىتىدە گۇمرانلىقىقا يۈزلەندۈرۈلىدىغان دەھشەتلىك قىسمەتلەرنى100 يىل بۇرۇن  كۆرۈپ بولغان بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر  ئۆزىگە " ئۇيغۇر" مىللىي نامىنى تەخەللۇس قىلىپ، " ئويغان ئۇيغۇر" دەپ ختاب قىلغاندا  خەلقتە تېخىمۇ "ئۇيغۇر" مىللىي  ئېڭى شەكىللەنمىگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان دىنىي كىملىكى ئۈستۈنرەك بولغان، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك پىكىرلىرى بولسىمۇ، پەقەت تار دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالغان بولغاچقا ئۇنىڭ "ئويغان ئۇيغۇر" دېگەن مىللىي ئىدېئولوگىيەنى ئاساس قىلغان ختابى ئاۋام خەلقنى ئويغىتالمىغان ئىدى. ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر ئېلىدىكى سىياسىي، مىللىي،ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي بېسىملار،مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردىكى قالاق قالدۇرۇلۇش، ختاي مىلتارىستى ياڭ زېڭشىنىنىڭ ھىيلە -  نەيرەڭلىك باشقۇرۇش تاكتىكىلىرى نەتىجىسىدە، 1919- 1920- يىلى ئارىسىدا  ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمى گەۋدىسى جايلاشقان رايونلاردا " ئۇيغۇر"  مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى  ئاستىدا بىرەر سىياسىي، ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

ئەمما، 1920- 1921- يىلدىن  كېيىن يوشۇرۇن ھەرىكەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تاشكەنت ۋە ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى  بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى، بۇ جەرياندا بەزى جايلاردا " ئۇيغۇرىستان"  نامىدا بەزى يەر ئاستى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇنغا بارمىغانلىقى مەلۇم.

لېكىن، ئېنىق مەلۇم بولۇشىچە، 1919- يىلى، يەتتىسۇدا قۇرۇلغان " ئۇيغۇر جەمئىيىتى"  يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى " ئۇيغۇر " مىللىي نامى ئاستىدىكى،روشەن پروگراممىغا ئىگە ، ئاممىۋى- سىياسىي تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**رۇس شەرقشۇناسلىرى : ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىمى ۋە مەدەنىيەت  ياراتقان خەلق**

19- 20- ئەسىردىكى رۇس شەرقشۇناسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمىي خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تارىخنى ياراتقان باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى  كۆپلەپ تەكىتلىدى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە رۇس كىلاسسىك ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ،مەدەنىيىتى ، تىلى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەم بۇ تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىنى چۈشىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇھىم رول ئوينىدى.

19- ئەسىردىكى مەشھۇر تۈركولوگ ۋ. ۋ. رادلوف بۇنىڭدىن 120 يىل ئىلگىرى «ئۇيغۇرلار قەدىمىي تۈركىي خەلق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزۈن ۋاقىتتىن بۇيان يىراق غەربتىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەشھۇر ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئىنتايىن كۆپ سانلىق تۈركىي خەلقتۇر[3]» دەپ يەكۈن چىقاردى.

مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتچىسى ئا. ن. بېرنشتامنىڭ يەكۈنچە ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبى موڭغۇلىيە يايلاق رايون بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى جەنۇبىي سىبىرىيە ، تەڭرىتاغ رايونى ، يەتتىسۇ ،پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق كەڭ جۇغراپىيىلىك بوشلۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇنىڭ يەكۈنچە ، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدۇر. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى بۇ زېمىن بىلەن بىرلەشكەن[4].

رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تەرەققىيات تارىخىنى تەڭرى تاغ رايونىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىلىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ تۇپراقلاردا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ياشىغان بولۇپ ، قەدىمكى تارىم - تۇرپان ۋادىلىرىدىكى ئولتۇراق ھاياتتىكى شانلىق شەھەر مەدەنىيىتى ياراتقان خەلقلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ قەدىمىي شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ياراتقان تارىم - تۇرپان - جۇڭغار ۋادىلىرىنىڭ قەدىمىي ئاھالىسىنىڭ بىۋاستە ئانتروپولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت مىراسخورلىرى بۈگۈنكى شۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدە رۇسىيە ئالىملىرىدىن ئا. كازىمبېك ، ۋ. ۋ. رادلوۋ ، ۋ. پ. ۋاسىلىيېۋ ، د. م. پۆزدنېيېۋ ، ن. يا. بىچۇرىن ،ئې. گرۇم- گرىزھىمايلو ، چ. ۋەلىخانوف ، برېتشنېيدىر ، ۋ. ۋ. گرىگورىيېۋ ، س. ئې. مالوۋ ، كاتانوۋ ، ۋ. ۋ. بارتولد ھەم باشقىلار تۈرك- ئۇيغۇر تارىخى ،تىلى ۋە باشقا مەسىلىلەر بويىچە ئىزدىنىپ ، ئارقمۇ- ئارقىدىن كۆپلىگەن كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى تارىم ۋەئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ نۇقتىنى تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا ، يەنە بەزىلىرى تىلشۇناسلىق ۋە ئانتروپولوگىيىلىك تەرەپلەردىن چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مەرھۇم پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرەھىم تۇرسۇننىڭ قارىشىچە ،قەدىمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دۆلەتچىلىك ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلۇشى ۋە شەكىللىنىشى مەزكۇر رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەم راۋاجلىنىشى شۇنىڭدەك مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي ، مەدەنىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. تارىم-تۇرپان ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى بۇددىزم ئېتىقادىدىكى ئاھالىلار ئوخشاشلا ھازىرقى زامان

[3] رادلوۋ.ۋ K Voprosu Ob Uygurakh . ( ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە دائىر)- سانكتپېتېربۇرگ.1883- يىلى ، 19-20-بەتلەر. (رۇسچە)
[4] ئا.ن. بېرنشتام. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى ، 195- يىلى ،ئالمۇتا. "قازاق ئېلى" نەشرىياتى. 267-268–بەت ( ئۇيغۇرچە)

ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىپ بولۇپ، ئەنە شۇ دەۋر ئىدىيەلىرى ئۇيغۇر پەلسەپۋى ئىدىيەلىرى تارىخىنىڭ بىر قىسمىدۇر.[5]

20- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك پەرقىنى ئايرىپ ، ئۇلارنى ئايرىم ئېتنىك ناملار ئاستىدا تەرەققىيات يولىغا باشلىشى ئەسلىدە سىياسىي ئېھتىياجدىن چىقىش قىلىنغان بولسا، بۇنىڭدا يەنە مەلۇم ئىلمىي ئاساسلارمۇ بار ئىدى. گەرچە ،ۋ. بارتولد قاتارلىق بىر قىسىم تۈركشۇناسلار ۋە تارىخچىلار بۇنداق قىلىشقا قارشى چىققان بولسىمۇ[6] ،لېكىن يەنە بىر قىسىم ئەربابلار ئېتنىك كىملىكلەرنى ئايرىغاندا، تىل ،تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىلنىمۇ ئاساس قىلغان ئىدى. مەسىلەن، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ، قۇمۇلغىچە ۋە باشقا رايونلارغىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەتقىق قىلغان ھەمدە قەدىمكى تۈرك- ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغان سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوف تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرغان، ھەمدە 1921- يىلى، 6- ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا بۇ نامنى ئورتاق ئېتنىك نام سۈپىتىدە بېكىتىشنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ تەشەببۇس قىلغۇچى ئىدى[7] . 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەتتىسۇ قاتارلىق جايلاردىكى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمايىل تاھىروف، بۇرھان قاسىموف ۋە باشقا ئونلىغان زىيالىيلار دەسلەپكى تاتار تارىخچىلىرىنىڭ تۈرك ،تاتار ۋە ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇغان.بولۇپمۇ يۇقىرىدا ناملىرى قەيت قىلىنغان ئۇلار رۇس تارىخچىلىرى، تۈركولوگ ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ۋ.ۋ. رادلوۋنىڭ، ۋ.ۋ. بارتولد، س .ئې .مالوف قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخى مەسىلىلىرىدىكى ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخى چۈشەنچىلىرىنى ئاشۇرۇشى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

سېرگېي مالوف ۋە باشقا تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ تەشەببۇسلىرى 1921- يىلى، تاشكەنتتە ئېچىلغان ئالتەشەھەر- جۇڭغارىيە مېھنەتكەشلىرى قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇر نامىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش قارارى ئېلىنىشى ۋە تەشكىلات نامىنىڭ " ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى" دەپ ئاتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

### ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى

19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 20- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، يەنى كېيىنكى تۈركىي تىللىق سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل-

[5] ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ( Filosofskie Mysli Uygorov Rannego Srednevekovie ) دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەلسەپۋى پىكىرلىرى. بىشكەك ،ئىلىم نەشرىياتى، 2002-يىلى، 5-بەت .(رۇسچە)

[6] م.ئولىموۋ.ۋ.ۋ.بارتولد ( O Natsionalnom Razmezhevanii v Srednei Azii ) ۋ.ۋ.بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدە (Www.ca-c.org. ) كاۋكازىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى

[7] Institute of Muslim Minority Affairs (1991). Journal of the Institute of Muslim Minority Affairs, Volumes 12-13. King Abdulaziz University.P. 108.

دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى،يەنى، " قەشقەرلىكلەر" ، يەنە بىرى يەتتىسۇ گۇرۇپپىسى، يەنى " تارانچىلار" دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئالدى بىلەن " ئۇيغۇر " مىللىي نامى ئاستىدا بىر مىللىي گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستان تۇتىشىدىغان پەرغانە ۋادىسىغا تارقالغان مەزكۇر پەرغانە گۇرۇپپىسى 19- ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزلىرىنى «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىغان بولسا، باشقا يەرلىك خەلقلەرمۇ ئۇلارنى «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئاتىدى. يەتتىسۇ ۋادىسىدىكىلەر بولسا « تارانچىلار» دەپ ئاتالدى. ھەتتا چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىمۇ 1897- يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ گۇرۇپپىسىنى «قەشقەرلىك» دېگەن نام بىلەن، ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى «تارانچى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنى ئايرىم- ئايرىم ئىككى ئېتنىك تەركىب تەرىقىسىدە پەرقلەندۈرۈپ نوپۇسقا ئالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىدە "ئۇيغۇر"، "تارانچى" ،"قەشقەرلىك" تىن ئىبارەت ئۈچ كىملىكى تەڭ قوللىنىلدى.

20- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئالدى بىلەن يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف ۋە باشقىلار قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىم ئېتنىك كىملىكى كۆز قارىشىغا قارشى چىقىپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى ئورتاق ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ئاستىغا توپلاش، مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق ئېتنىك كىملىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىگىمۇ قارىتىلغان ئىدى.

**ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشى**

چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر دىئاسپوراسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى تارقالغان جايلار ئاساسلىقى پەرغانە ۋادىسىدىكى شەھەرلەر ۋە يېزىلار بولۇپ، ئەنجان ، ئوش ، مەرغىلان شەھەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مەركەزلەشكەن جايلار ھېسابلىناتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە قوقەنت، نامەنگان ، سەمەرقەنت ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ كۆپ ساندا قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار تارقالغان بولۇپ، تاشكەنت ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

«قەشقەرلىكلەر» ئۇقۇمى كەڭ ۋە تار دائىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، تار دائىرىدىن ئالغاندا، بۇ نام 19- ئەسىردە پەقەت قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىن كۆچۈپ چىققانلارنى كۆرسەتسە، كەڭ دائىرە بويىچە پۈتۈن قەشقەرىيە، يەنى تارىم ۋادىسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن كەلگەنلەرنى كۆرسىتەتتى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ( غەربىي

تۈركستاندىكى) يەرلىك خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نەزىرىدە كەڭ دائىرىدىكى قەشقەرلىك ئۇقۇمى ۋەكىل بولۇپ، ئۇلار قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن ھېسابلاشمايتتى خالاس.

قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان ئاھالىلەر پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا جايلاردىكى ئۆزلىرى كېلىپ ماكانلاشقان جايلارغا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ھەتتا مەھەللىلىرىنىڭ ناملىرىنى قويغان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ياشىغان يېزا - قىشلاقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ناملىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قەدەممۇ- قەدەم ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. قازاقىستان ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقوسوفنىڭ 1960- 1970- يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە تايانغاندا، ئوش ، ئەنجان ۋە مەرغىلان ۋىلايىتى تەۋەسىدە كۆپلىگەن ئەسلى قەشقەرىيىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن جاي ئىسىملىرى ۋە مەھەللە ئىسىملىرى ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى موسكۋا رايونى ، يەنى ھازىرقى شەھرىخان ناھىيىسىدىلا "ئارتۇش" ،" دولان" ، "جاڭجال" ، "قەشقەر مەلە" ، "قەشقەر قىشلاق " قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق جاي ئىسمى تىزىمغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ئىزباسقان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يېزىسىدا "قەشقەرمەلە" دېگەن جاي بار بولۇپ، 1960- يىللىرىدا بۇ يېزىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرى 110- 120 يىللار ئىلگىرى قەشقەردىن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە قەشقەر مەھەللىسى پەيدا قىلغان. بۇ كىشىلەر 1960- يىللارغا كەلگەندە تىل ۋە ئۆرپ- ئادەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن[8]. 1959- 1960- يىللىرى ئارىسىدا ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى تارقاق ياشىغان بولۇپ، سوۋېت ئېتنوگرافلىرى شۇ ۋاقىتتا پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ۋىلايەتتىكى 79 كولخوزغا ھەممە پەرغانە ۋادىسىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بېكىتكەن[9] .

ئوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەسلى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تارقالغان جايلىرى ئاساسلىقى ئوش شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قاراسۇ ناھىيىسى ھەم ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى قەشقەر قىشلاق ناملىق يېزىسى ئىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئېتنوگرافى س. م . ئابرومزون ئۆزىنىڭ 1955- يىللىرى بۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە جەنۇبىي قىرغىزلار تەركىبىدە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى[10]. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ئاتىغان گۇرۇپپا ئۈچ- قورغان رايونى، قارولبۇيغا، ئاۋۇزتام- پىلال، تېگىرمەچ، قاراغاندي، كېرېگېتاش، ئۆلېگىش ،قاراقشتاق، يۇم دېگەن جايلاردا ۋە بۇرۇن شىپى( شىبە) يېزىسى ھەممە لەڭگەر دېگەن جايغا تارقالغان. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان قىرىلاردىن كېنجىباي ئايتېمىروف ۋە رايىمبەردى ئورمونوف بۆگۈرۈپپىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇخارادىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۈچقورغاندىكى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بولسا ئۇيغۇر

---

[8] Interferensii Yazykovoj Uygursko-Uzbekiskoj Voprosu K . Gozhxmeta Sadvakosova . (ئۇيغۇر- ئۆزبېك تىل ئارىلىششى مەسلىسى ھەققىدە . Izbrannyie Trudy Gozhxmeta Sadvakosova ( غوجاخمەت سادۋاقاسوف ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار). 180.- بەت .ئالماتي.ئالەم. 2000.

[9] . ۋاننكوۋيا. (ر. Soweremennie Rasselenie Narodow iEetnograficheskix Grup w Ferganskoj Doline) پەرغانە ۋادىسىدىكى خەلقلەر ۋە ئەتنوگرافىيىلىك گۇرۇپپىلارنىڭ ھازىرقىزاماندىكى تارقىلىشى .سىرەدنە ئازىاتسكىج Etnograficheskij Sbornik 2- توم.موسكۋا. 1959.. 468_ بەت

[10] س.م.ئابرامزون ( Kirgizy i ikh Etnogeneticheskie i Istoriko-Kulturnie Svyazi ) قىرغىزىلار ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي- مەدەنىيەت باغلىنىشلىرى ) . Izdatelstwo " Nauka". Léningradskoe Otdelenie. ) لېنىنگراد. 1971..42- بەت

گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى ياشايدىغان قوش- تېگىرمەن دېگەن جايدىن كەلگەن. مەزكۇر ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر قىسمى چارۋىچىلىق ، يەنە بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قارائۇئول دېگەن جايدا " ئۇيغۇر ئارىق" دەپ ئاتالغان قانال بار. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قىرغىزلارنىڭ بۇيگا ۋە تۆلەس قەبىلىسى بىلەن تۇغقانچىلىقا ئىگە دەپ قارايدۇ شۇنىڭدەك يەنە قىرغىزلارنىڭ تېيىت قەبىلىسىنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ[11] .

ئۇيغۇرلار يەنە تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىدىكى بايرام - ئالى ۋە مارى قاتارلىق شەھەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، بايرام - ئالى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەركىزى ئىدى. 1890- يىلى، يەتتەسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن 272 ئائىلە، يەنى 1306 جان چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالداپ ئېلىپ كېلىشى بىلەن بۇ رايونغا ماكانلىشىپ قالغان ئىدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، 2500 ئادەمگە يەتكەن. مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلار بايرام- ئالى ۋە مارى رايونلىرىدا ئاقتام، مەمەيۇزى، دادامتۇ، توققۇزتارا ،شەمەلە، سۇلتانيابا ۋە قەشقەر مەھەللە قاتارلىق ئاھالىلەر رايونلىرىنى پەيدا قىلغان[12] .

20- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزىستاندىكى ئاساسلىق جايلاشقان مەركىزى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئوش شەھىرى، قاراسۇ، ئۆزگەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئوچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان قاراقول شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، ئىسسىقكۆل بويىدىكى توقماق قاتارلىق جايلار شۇنىڭدەك يەنە پىشكەك شەھىرى ئىدى.

بولۇپمۇ، بەدەل-ئارت ئېغىزىغا يېقىن جايلاشقان قاراقول شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق سودا ئىقتىسادىي ئالاقە مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا قاراقول شەھىرىدە كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئىدى. قاراقول شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى رۇسلار، تاتارلار، ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر ۋە قىرغىزلار ئىدى. مەلۇمساندا تۇڭگانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاراقول، توقماق ۋە پىشكەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ " قەشقەرلىك" دەپ ئاتىغان ئىدى.

### يەتتىسۇ گۇرۇپپىسى

20- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ زىچ توپلىشىپ ۋە مەركەزلىشىپ ياشىغان تارماقلىرى يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرى، يەنى باشقىلارنىڭ ئاتىشى بويىچە « تارانچىلار» بولۇپ،ئۇلار ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ تاكى قورغاس چېگرىسىغىچە بولغان

---

[11] س.م.ئابرامزون.شۇئەسەر ، 43-بەت

[12] K stoletiyu Pereselenia Uygurov Iz Semirechya v Turkmenistan. 1890- 990Gg ( ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇدىن تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقى )، .Http://hamrajan.narod.ru/Bayram-Ali.html1890-1990.

كەڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا تارقىلىپ ياشاپ، يەتتەسۇنىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك خەلقىگە ئايلانغان ئىدى. مەزكۇر تارماق ئۆزلىرىنىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى يېزا- قىشلاقلىرىنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن ماكانلاشقان جايلىرىغا قويغان ئىدى.  مانا بۇ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەتتسۇ گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۇردى.

ئەسلىدە يەتتسۇنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تارانچى ئۇيغۇرلىرى خېلى بۇرۇنلا ياشىغان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان ئىدى.  1871- يىلى، ئىلى سۇلتانلىقى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئىلى ۋادىسى 10 يىل چارپادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى.  1881- يىلى، چار رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى «پېتېربۇرگ» شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيە ئىلى ۋادىسىنى بۆلۈپ، چېگرىلىرىنى ئايرىپ بېكىتتى. ئىلى، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چىڭلىقلارنىڭ  ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە  رۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى.

1882- يىلدىن 1884- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى تەۋەسىدىن چار رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى يەتتەسۇغا كۆچۈپ ماكانلاشقان 9572 ئائىلە، يەنى 45373 نەپەر تارانچى) ئۇيغۇر ( يەتتسۇنىڭ ئاساسلىق دېھقان ئاھالىسىگە ئايلىنىپ، يەركەتتىن تارتىپ ۋېرنىي شەھىرى ( ئالمۇتا) غىچە بولغان كەڭ زېمىنغا تارقىلىپ[13] ، 90دىن ئارتۇق ھەر خىل يېزا- قىشلاقلارنى بەرپا قىلغان.  ئۇيغۇرلار يەتتسۇدا يېزا- قىشلاقلارنى بەرپا قىلىپلا قالماستىن [14]، بەلكى يەنە يەتتەسۇدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى - ياركەنت، يەنى ياركەند شەھىرىنى بەرپا قىلدى[15].20- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگە كەلگەندە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بۇرۇنقىدىن خېلى كۆپەيدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رۇسىيە  پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرى مۇشۇ جايلاردا دۇنياغا كەلدى.

يەتتسۇدىكى مەزكۇر تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى پەرغانە  ۋادىسىدىكىدىن پەرقلىق بولۇپ، يەتتسۇنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئارىسىدا قازاق ۋە قىرغىزلار كۆچمەن ھاياتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوت- سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەزكۇر رايونلاردا مۇقىم قىشلاقلارنى بەرپا قىلمىغان ئىدى.  شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بەرپا قىلغان يېزا- قىشلاقلاردا پەقەت ئۆزلىرىلا ياشىغان بولۇپ، غۇلجىدىن كۆچۈپ چىققان قىسمەن تۇڭگان ئاھالىلىرى بىلەن ئارىلاشقانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇيغۇر يېزا- قىشلاقلىرى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىنلا  تەشكىل تېپىش، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇش  تەقدىرىگە دۇچ كەلمىدى.  بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىل شېۋىسى، ئۆرپ- ئادەت ۋە  باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

[13] Baranova Yu. G. K Voprosu o Pereselenii Musulmanskogo Naseleniya iz iliyskogo Kraya w Semireche v 1881 - 1883gg(مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ 1881-1883- - يىللىرى ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتسۇغا كۆچۈشى مەسىلىسى ھەققىدە ) Trudy Séktora. Vostokovédéniya, t. I - Alma —Ata, — 1959.- s.49

[14] بارانوۋايۇ. گ. شۇئەسەر 49-50-بەتلەر

[15] ( Ruziyev.Meshur. Vorzozhdennyj Ujgurskiy Narod ) قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى . ئالما- ئاتا. قازاقىستان نەشرىياتى. 1976. S.74-75

بىراق، پەرغانە ۋادىسىغا كەلگەن قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرى بولسا نوپۇس جەھەتتە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن يەرلىك ئۆزبېك ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىغا چۆكۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. شۇڭا پەرغانە ۋادىسىدا پەقە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان چوڭراق رايون شەكىللىنەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىلى ۋە باشقىلار قەشقەر كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىكلەردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۇرۇشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەن ئىدى. بىراق، يەتتەسۇدىكى تارانچى ئۇيغۇرلىرى بولسا يەرلىك قازاقلاردىن تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تارتىپ، تىل ۋە باشقا تەرەپلەرگىچە كۆپ پەرقلىق تەرەپلەرنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھالمۇ تارانچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندى. ئومۇمەن، پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتىسۇدىكى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نوپۇسى مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، چۇقان ۋەلىخانوف 19- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭدىن ئارتۇق قەشقەرلىك بارلىقىنى قەيت قىلغان بولسا، ئابدۇللا روزىباقىيېف 1920- يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا 500- 700 مىڭغىچە ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان[16] .

ئەلۋەتتە، چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس مەلۇماتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن كۆرۈنەرلىك بولغان. لېكىن،پەرغانە ۋادىسى باشتىن ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق يادروسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەمما 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش قەدىمىنى تېز بېسىپ، ئاساسي جەھەتتىن يەرلىك ئۆزبېكلەرگە ئېرىپ كەتتى. ئوقۇرمەنلەرنى پەرغانە ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس تەرەققىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە كەمىنەنىڭ«پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق - ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن .

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك تىكلەش ھەرىكىتى مەيلى، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇ ۋە پەرغانە گۇرۇپپىسى ئارىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئېتنىك نام ئاستىدىكى بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئىدىيە شەكىللەنمىگەن ئىدى. بۇ ھال پەقەت مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىغىلا خاس ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئۆزىدىمۇ بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئىدېئولوگىيە شەكىللەنمىگەن ئىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۇرۇش ۋە ئورتاق گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشتىن باشلىدى.

## ئۇيغۇرلار دىياردا

16 Tursun Nabijan.Uyghurs-A Disappeared Diaspora in Fergana Valley. UluslararsiTürkiyat Arastimalari Sempyozumu Bildirleri. Anakara. 2013. 451-458-Sayfa

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز مىللىي نامىنى ئۇيغۇر ئېتنونىمى ئاستىدا ئاتاپ يازغان يازما مەنبەلەرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەنلىكى خەلق ئىچىدە بۇ نامنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئېتنىك ناملىرىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۇيغۇرلار 1921- يىلدىن ئىلگىرى ئايرىم مىللەت ،1921- يىلى ئۇيغۇر نامى قوللىنىلغاندىن كېيىنلا يېڭىدىن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئۇيغۇر دېگەن قەدىمى نام 15- ئەسىردىن كېيىن پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىش تەرەققىياتى جەريانىدا كۈندىلىك ئىستېمالدىن ئاساسەن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا " مۇسۇلمان" كىملىكى بىلەن يۇرت —ماكان كىملىكى ئاساسىي ئۇقۇمغا ئايلانغان ئىدى. ۋەھالەنكى، يۇرتنىڭ ئاڭلىق قاتلىمىدا يەنىلا ئۇيغۇر ۋە تۈرك مىللىي نامىنى بىلدىغانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

ھەقىقەتەن، ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، دەسلەپكى يېقىنقى زامان دەۋردىن، يەنى 16- ئەسىردىن باشلاپ تاكى 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئونىنچى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەۋە تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىكلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا مەزكۇر ۋادىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنمىغان. ھەتتا، كلاسسىك دەۋر بىلەن ھازىرقى مەنانى تۇتاشتۇرغۇچى تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى سۈپىتىدە ئەسىرنىڭ بىرەر جايىدىمۇ ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا ئېتنىك كىملىككە قارىغاندا يەرلىك كىملىك مۇھىم بولۇپ،قەشقەرلىك، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك ۋە باشقا يۇرت كىملىكى ھەم يۇرت خاراكتېرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئەمما، موللا مۇسا سايرامى تارىم ۋادىسىدىكى مەزكۇر قەشقەرلىك، ئاقسۇلۇق، تۇرپانلىق، كۇچارلىق ۋە باشقىلارنى«مانجۇ»، «تۇڭگان»، «سولۇن»، « خىتاي» ۋە «قالماق» ئېتنىك كىملىكلىرىدىن ئايرىغان بولۇپ،ھەتتا كلاسسىك شائىر موللا شاكىرمۇ شۇنداق خىلدا ئېتنىك پەرقلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى[17]. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەزكۇر نامى ئاتالغان ئېتنىك توپلۇقلار تارىم ۋادىسىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئەمەس ھەم نوپۇسىمۇ بەك ئاز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق خاراكتېرگە ئىگە ئايرىم مىللەتلەردۇر.

ئەمما مۇسا سايرامىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تارىم -تۇرپان ۋە ئىلى ۋادىلىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ نامى ئاتالغان خەلقلەردىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان ئايرىم بىر خەلق ئىدى. ئۇلار يەنە مۇسۇلمان بولۇشقا قارىماي يەنە قوقانلىقلار، ئەنجانلىقلار، قىپچاق- قىرغىزلاردىنمۇ مەلۇم پەرقلىق تەرەپلەرگە ئىگە ئىدى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ قارىشىچە بويىچە، قەشقەرلىقلەر، تۇرپانلىقلار، ئاقسۇلۇقلار، كۇچارلىقلار،خوتەنلىكلەر ۋە باشقىلار ئورتاق بىر خەلق ئىدى. ئۇلار ئورتاق بىر خەلقنىڭ ھەر قايسى يۇرتلاردىكى تارماقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يەرلىك مىجەز خۇلق، قىسمەن ئۆرپ-ئادەت، ھۈنەر — كەسىپ جەھەتلەردىن بىر-بىرىدىن قىسمەن ئۆزگىچە بولغان تەرەپلەرگە ئىگە ئىدى. مۇسا سايرامى بۇ يۇرتلاردىكى خەلقلەرنى بىر-بىرىدىن ئېتنىكلىق ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئايرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۇرت

[17]بۇ مەسىلىدە موللا مۇسا سايرامىنىڭ <<تارىخي ھەمىدى>> ۋ ە<<تارىخىئەمنىيە>> ناملىق ئەسەرلىرىگە ۋە موللا شاكىرنىڭ <<زەپەرنامە>> ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

كىملىك تۇيغۇسى بويىچە ئايرىيدۇ خالاس. 1898- 1900- يىللىرى قەشقەرىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان رۇس ھەربىي جاسۇسى، گېنېرال لېيتېنانت    لاۋر كورنىلوۋ ئەنە شۇ يۇرت ئاھالىسىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئايرىلغان خەلقلەرنىڭ نامىنى باشقا خەلقلەردىن پەرقلەندۇرۇپ، "شەرقىي تۈركىستانلىقلار" دەپ ئاتايدۇ[18].

مولللا مۇسا سايرامىدىن پەرقلىق يول تۇتقان ئۇنىڭ دەۋردىشى ، يەتتىسۇلۇق نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف بولسا ئۆزىنىڭ 1914- يىلىدىن تارتىپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان ئەسەرلىرىدە تارىم ۋادىسى ۋە ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان تارانچى ۋە ئالتەشەھەرلىك ۋە ياكى قەشقەرلىك دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلى ئېتنىك مەنبەسى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي نامى ئاستىدا بىر ئېتنىك گەۋدىگە ئايلىنىشى زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان بۇ خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئائىت چۈشەنچىگە كېلىشىنى پەقەت قانداقتۇر ئۇنىڭ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىدىيىۋى نۇقتىدىن چىقىش قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى تارىم ۋە ئىلى ھەم يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، دەۋرىمىزگە نامەلۇم بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ھەم تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراش مۇمكىن.  ئەگەردە، ئۇيغۇر ئاۋام خەلقى ئارىسىدا قىسمەن بولسىمۇ ،ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال بولمىغان بولسا، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ مەزكۇر ئىدىيىگە كېلىشى ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف   ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېف باشلىغان   ئۇيغۇرلۇق يولى**

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ، ئابدۇللا رۆزىباقىيېف قاتارلىق يەتتەسۇنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر نامىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى سۈپىتىدە« تارانچى» ۋە « قەشقەرلىك »ۋە ياكى«ئالتەشەھەرلىك » نامىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنى تىكلەش يولىنى تۇتقۇچىلار بولدى.  كلاسسىك ئۇيغۇر مۇسۇلمان مەدرىسە مائارىپى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تاتار - رۇس- ياۋروپا مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف باشلاپ بەرگەن مەزكۇر ئىدىيە ئاستىدا شۇ دەۋرنىڭ تاتار-  رۇس-  ياۋروپا مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چار پادىشاھ تۈزۈمى يىمىرىلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن داۋالغۇشلارغا قاتنىشىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي چىقىش يولىنى ئىزدىدى.   بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئانارخىست ۋە سوتسىيال دېموكراتىك ئىدىيىدىكى رۇس دېموكراتلىرىنىڭ ئىدىيىلىرى قوللاپ ،«تارانچى كومىتېتى» نامى ئاستىدىكى ئاممىۋى- سىياسىي تەشكىلات ئارقىلىق تارانچى مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.  ئۇلار ئۆز مەۋقەلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بولشېۋىكلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى قازاقلارنىڭ" ئالاش" پارتىيىسى، ئۆزبېكلەرنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى" شورائىي ئىسلامىيە" پارتىيىسى قاتارلىقلار بىلەن

[18] . لاۋركورنىلوۋ. 232- بەت .1903. "Kashgaria Ili Vostochny Turkestan"تاشكەنت

ئورتاقلىقتا ئىگە ئىدى. ئۇلار ئاخىرغىچە بولشېۋىزمغا قارشى تۇردى ھەمدە بۇ ئىدىيە يولىدا بولشېۋىكلارغا قارشى ئاقلار ھەرىكىتى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1918-يىلى "ئاتۇ" قىرغىنچىلىقى بىلەن ئىلى ۋادىسىغا قېچىپ كېتىپ يەرلەشكەن " تارانچى كومىتېتى" رەھبەرلىرى ۋە ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى زىيالىيلار ئىلى ئاھالىسى ئارىسىدا " ئۇيغۇر" مىللىي كىملىكى ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلمىدى. ئۇلاردا يەنىلا " تارانچى" كىملىك ئىدىيەسى كۈچلۈكرەك ئىدى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يەنە بىر قاتلىمى بولسا پۈتۈن رۇسىيەدە كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئىمكانىيىتى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللاش ۋە ۋلادىمىر ئىلىچ لېنىننىڭ" مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى " شوئارى ئاستىدا ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرلۈكىنى تەمىن ئېتىش يولىنى تۇتتى. نەتىجىدە، بۇ خىل ئىدىيىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بىر قىسىم مائارىپ تەربىيىسى يوق بولغان يوقسۇل دېھقانلار ئارىسىدىن تۇنجى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا ئۇيۇشقاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى پروگراممىا قىلغان گۇرۇپپىلارغىمۇ ئۇيۇشتى.

مەلۇمكى، 1918- يىلى، مارت ئېيىدا ئالمۇتادا قوزغىلاڭ پارتلاپ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئالمۇتادىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. كوممۇنىستلارنىڭ ئالمۇتادا قۇرغان يەتتىسۇ ۋىلايەتلىك خەلق كومىسسارلىرى كېڭەشكە يەتتەسۇدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېف كىردى. 1919-يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستلار پارتىيىسى تەركىبىدە مۇسۇلمانلار بيۇروسى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك كومىتېتلارنى تەسىس قىلىشقا كىرىشىلدى[19]. يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك مۇسۇلمان بيۇروسى قۇرۇلۇپ، قازاقلاردىن ئوراز جاندوسوف بيورو رەئىسى ، ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېف مۇئاۋىن رەئىس بولدى. مۇسۇلمان بيورىسىنىڭ رولى بارلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى پەيدا قىلىش ھەم كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدىكى مۇسۇلمان بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قازاقلاردىن تۇرار رىسقۇلوف تەيىنلەنگەن ئىدى[20] .

مۇسۇلمان بيورىسىنىڭ رولىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر ئورگان ئىككىنچى پارتىيە كومىتېتلىق رولىنى ئوينىغان ئىدى. چۈنكى، رۇس كوممۇنىستلىرىغا ئىشەنمىگەن مۇسۇلمان خەلقلىرى مۇسۇلمان بيۇروسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان كوممۇنىست رەھبەرلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك داۋاملىشىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قوراللىق ۋە سىياسىي قارشىلىق كۆرەشلىرى ھەمدە ئاقلار بىلەن سوۋېتلار ئارىسىدىكى شىددەتلىك ئىچكى ئۇرۇش قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغان سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت

[19] ۋ.م. ئۇستىنوف. تۇرار رىسقۇلوف. سىياسىي تەرجىمھال بايانى. ئالمۇتا. (Ustinov. V.M. Turar Ryskukov (Ocherki Politicheskoj biografii)- Almata. 1996). http://bibliotekar.kz/turar-ryskulov-v-m-ustinov-chitat-knigu .1996.

[20] شۇ ئەسەر. 1996-يىلى .

هاكمىيتىنى قوللايدىغانلارنى كۆپەيتىش، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەرلىك مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرنى يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويۇپ، شۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمايىل تاھىروف قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇ ئىستراتېگىيە بويىچە يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇرلار، يەنى تارانچىلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەرغىب قىلىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرى ۋە ئىجارىچىلىرى سۈپىتىدە سوۋېت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىري خىزمەتلىرىگە جەلپ قىلىنغان ئىدى. ئەنە شۇ پروگراممىدىن پايدىلانغان ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلەش ۋە كۈچەيتىشكە ئاتلاندى.

يەنە شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ ۋاقىتلاردا يەنە پەرغانە ۋە يەتتەسۇدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى تارمىقى ھېسابلىنىدىغان قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلار ئارىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق مىللىي چۈشەنچە يوق بولۇپ، بۇنداق ئورتاق مىللىي چۈشەنچىلەر ھەر ئىككىلا گۇرۇپپىنىڭ ئاز ساندىكى زىيالىيلار ۋە ئاگلىق قاتمىغىلا مەنسۇپ ئىدى.

يەرلىك باشقا خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىنى، يەنى قەشقەرلىك ۋە تارانچى گۇرۇپپىسىنى ئايرىم- ئايرىم ئېتنىك گۇرۇپپىلار شەكلىدە كۆرگەن بولسا، مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپا ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئۆزلىرىنى بىر- بىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۇرۇش، ئورتاقلىقنى ئېتىراپ قىلماسلىق خاھىشلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل تارانچى - قەشقەرلىك ئايرىملىق چۈشەنچىسى تاكى 1930- يىللارغىچە داۋاملاشقان بولسا، ئۇيغۇر ئېلىدە بولسا شېڭ شىسەي مەزكۇر ئىختىلاپتىن پايدىلىنىپ، 1934- يىلى ،تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ، ئايرىم مىللەت قىلىپ قانۇنلاشتۇرغان ئىدى.

**"ئۇيغۇر جەمئىيىتى " ۋە ئۇنىڭ تەركىبى**

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق ئاگلىق، يىراقنى كۆرەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قەشقەرلىك ۋە تارانچى مەنپەكۇرسىنى تېزدىن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئورتاق مىللىي روھ ۋە مىللىي كىملىك تىكلەشنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ئىدى. ئۇلار بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇيۇشۇش، تەشكىللىنىش ۋە تەشۋىقاتچىلىق يۈرگۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. شۇ مەقسەتلەرنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە 1919- يىلى، 2- فېۋرال كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان ئاممىۋى - سىياسىي تەشكىلات " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" دۇنياغا كەلدى[21]. " ئۇيغۇر جەمئىيىتى"نىڭ تۇنجى قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكى 9 ئادەمدىن تەركىب تاپتى[22].ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇللا روزىباقىيېف

سوپى زەرۋات

[21]ساۋۇت موللاۋۇتوف. " 70يىل مۇقەددەم". ئۇيغۇر ئەدەبىيات دۇنلىرى، 2002.ئالمۇتا. 187-بەت.

[22]ساۋۇت موللاۋۇتوف. شۇئەسەر ،187-بەت

هاجىئەكبەر مۇھەممەدى

ئىسمائىل تاھىروف

ئابدۇلھەي مۇھەممەدى

ئىمىناخۇن ئابابەكرى

يۇسۇپ ئەخمەدىي

ۋە يەنە ئىككى ئايال:

سائادەت رۆزىباقىيېۋا

ئايشە مۇھەممەدىيېۋا

مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەزالىرى ھەم ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئابدۇللا روزىباقىيېف 1924- يىلى، جەمئىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان ماقالىسىدە بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ،"ئۇيغۇر جەمئىيىتى" تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنى ئېچىلغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تېخىمۇ كۆپەيتىلگەن . "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" گە يېڭىدىن سالاھىدىن قاسىموف، تېيىپ سابىرى، ئوسمان تاھىرى، ئىسلام ھاشىموف، مۇسەللىم روزى، توختاخۇن ھاشىمى، ھەزىم تاھىرىي ۋە ئابدۇللاجان ھەسەنى ( ئۆزبېك) قاتارلىقلار كىرىپ، ئەزا سانى 17 نەپەرگە يەتكەن. جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى بىلەن 1919- يىلىنىڭ ئاپرىل -ماي ئايلىرىغا كەلگەندە ئەزا سانى 200 گە يەتكەن[23]. ئالمۇتادا" ئۇيغۇر جەمئىيىتى" نىڭ مەركىزى ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ، باشقا ناھىيە ۋە قىشلاقلاردا ئۇنىڭ تارماقلىرى ئارقىمۇ- ئارقىدىن ئېچىلغان. ئەڭ دەسلەپكى شۆبە جەمئىيەت مالىۋاي يېزىسىدا ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ياقۇپ دۇغان ئىدى . بۇ شۆبە جەمئىيەت 1919- يىلى، 26- مارتتا قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراسۇ، قورام يېزىلىرى ۋە ياركەنت ( يەركەت) شەھىرىدە ۋەيەتتىسۇ ۋادىسىدىكى باشقا ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئارقىمۇ- ئارقىدىن شۆبە ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان[24] .

"ئۇيغۇر جەمئىيىتى"نىڭ كۆزلىگەن نىشان - مەقسىتى ھەققىدە ئابدۇللا روزىباقىيېف 1924- يىلى يازغان ماقالىسىدە بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ . جەمئىيەتنىڭ نىشان- مەقسىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان:

بىرىنچى: ئومۇمىي ئاھالىنى ۋە ئۆز ئەزالىرىنى يېڭى تۇرمۇش- سوتسىيالىزم بىلەن تونۇشتۇرۇش .

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا زەرەر بولغان ئادەتلەرنى، نادانلىقنى تۈگىتىش.

ئۈچىنچى: ئايال- قىزلارنىڭ ئىنسانىي، ئىجتىمائىي، ۋە ئائىلە ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ھەم باشقىلار .

« ئۇيغۇر جەمئىيىتى» نىڭ خىزمەتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەت قارمىقىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەرىپەت تارقىتىش بۆلۈمى، دراما ۋە مۇزىكا بۆلۈمى ۋە ئەدەبىيات بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئاكتىپ ئىشقا كىرىشكەن.

[23]ساۋۇت موللاۋۇتوف. 2002.ئالمۇتا. شۇئەسەر. 187-بەت.

[24]ساۋۇت موللاۋۇتوف.. 2002.ئالمۇتا. 187-بەت.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس نىزامنامىسى ۋە ئەزالىقتا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى بار بولۇپ، ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىنىڭ خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلغان بولۇشىمۇ شەرت قىلىنغان.

سابىق سوۋېت ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەزكۇر ئۇيغۇر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچىلار ۋە تەشەببۇسكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك "ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى" ئىكەنلىكىنى يېزىشىدۇ. ھەقىقەتەن، مەزكۇر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان دەسلەپكى 9 ئەزانىڭ ۋە كېيىنكى 17 ئەزانىڭ خېلى كۆپى يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ھەمدە زىيالىيلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى 1920- 1930- يىللاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىك ، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە ھەم مەمۇرىي ئورگانلىرىدا يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بەزىلىرى ،مەسىلەن، 1930- يىللارغا كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايلانغان ئىدى. لېكىن، تارىخىي مەنبەلەردە مەزكۇر تۇنجى " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" گە ئۇيغۇرلۇق ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ قاتناشقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللا روزىباقىيېف بىلەن كۆپ ئۇچراشقان نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتتىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف شۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى ئاكتىپ زىيالىيلىرى ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاشكارا قارشى چىقمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەزا بولمىغان شەخس ئىدى. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف نېمە ئۈچۈن تۇنجى "ئۇيغۇر جەمئىيىتى"گە ئەزا بولمىدى؟ بۇنى ھەر نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن، بىراق بۇ يەنىلا توغرا جاۋاب بېرىشنى كۈتىدۇ.

ياش ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېشى 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار ئىدى. مەسىلەن،جەمئىيەت رەئىسى ئابدۇللا روزىباقىيېف 22 ياش، سوپى زارۋات 29 ياش، ئىسمائىل تاھىروف 19 ياش، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي 20 ياش ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىدىيە جەھەتتىن تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، كۆپ مەسىلىلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ قالاق قالغانلىقى ھەم كونا چار رۇسىيە تۈزۈمىنىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشنىڭ بىر مەنبەسىنى خۇراپاتلىق دەپ ھېسابلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى رولى ۋە ئورنىغا يۈزەكى كۆز قاراشتا ئىدى. ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ تۈرلۈك چاقىرىقلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى ئىلغار ھەم زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، چار رۇسىيەنىڭ كونا مىللىي كەمسىتىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كەمبەغەل ۋە قالاق قالغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشى ھەم سىياسىي جەھەتتىن ھۆرلۈككە ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. بۇ جەھەتتە سوۋېت رۇسىيىسى، جۇملىدىن لېنىننىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى، جۇملىدىن شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئازادلىققا چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىشكە ئائىت كۆپلىگەن نۇتۇق ۋە سىياسىي پروگراممىلىرى ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا پەقەت ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن سابىق چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ھەر خىل مىللەتلەر ھەتتا رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىشەنگەن ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ بىر قاتار سىياسىي تەدبىرلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇنداق كەمبەغەللەر تەبىقىسى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى غالىپ چىقالىدى. لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ بۇ خىل سىياسىي تەدبىرلىرى ۋە چاقىرىقلىرى ھەم ۋەدىلىرىگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي

خەلقلەرنىڭ كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرى، ئوتتۇرا - تۆۋەن قاتلام پۇقرالىرى ھەتتا زىيالىيلىرىمۇ ئىشىنىپ، بىر مەھەل كۆزلىرى قاماشقان ئىدى.

1918- 1921- يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىش جەريانىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ياكى يوقىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاقلار بىلەن قىزىللار ئارىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىچكى ئۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۇنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولشېۋىكلارغا قارشى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى، يەنى ئاتالمىش "باسمىچىلار" ھەرىكىتى، ئىدىل- ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاڭلىق زىيالىيلار قاتلىمى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئورتاق تۈرك فېدېراتسىيىسى قۇرۇش خاھىشى لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ھەتتا ئورتاق تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسلىرى تاتار- باشقۇرت، قازاق، ئۆزبېك كوممۇنىست رەھبەرلىرى ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قازاق خەلقىدىن كېلىپ چىققان تۇرار رىسقۇلوف بۇ پىكىرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا ئاشكارا تەشەببۇس قىلغان ئىدى[25]. سوۋېت رۇسىيىسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىسسارىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تاتار مىرسەيىد سۇلتانغالىيېف ۋە باشقا ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي شەخسلەر ئەنە شۇ خىل ئىدىيىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

لېنىن قاتارلىق سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە، بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىدىيە ھەم ھەرىكەتلەرگە تۈپتىن قارشى بولۇشىغا قارىماي،ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا ھەتتا تۈركچىلىك پىكىرلىرى ، ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش چاقىرىقلىرىغىمۇ كۆز يۇمۇپ، چار رۇسىيەنىڭ مىللەتچىلىك ۋە كەمسىتىش سىياسىتىدىن بىزار بولغان تۈركىي خەلقلىرى ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە ئارزۇ- ئارمانلىرىنى قوللىغان رەۋىشتە مەيدانغا چىقىپ، پۈتۈن دىققەتنى ئىچكى رۇسىيە رايونلىرىدىكى ۋە باشقا رايونلاردىكى ئاقلار ئارمىيىسىنى يوقىتىشقا قاراتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن بولسا، زور ساندىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ئاتلانغان قوراللىق كۈچلەرنى " باسمىچىلار" دەپ قارىلاپ، ئۇلارنى يوقىتىشقا كىرىشىپ، 1922- يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. 1921- 1923- يىللىرى ئارىسىدا ئورتاق تۈرك دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولغان تۇرار رىسقۇلوف، سۇلتانغالىيېف ۋە باشقىلارنى بىر- بىرلەپ يۇقىرى رەھبەرلىك ھوقۇقلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن جازالىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدا قۇرۇلغان "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" ئەنە شۇنداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇلى ئىدى خالاس.

---

[25] .Ahat Andican. Turkestan Struggle Abroad. From Jadidism to Independence. Sota Publications.2007. P.46-49.

**"ئۇيغۇر جەمئىيىتى" نىڭ تۇپ نىشانى ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكنى تىكلەش**

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇرغان جەمئىيىتىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن ياشلارنى ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىغا توپلىشى ۋە بۇنى بارا- بارا كېڭەيتىپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشقان تارانچى ۋە قەشقەرلىك ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدە بۇ نامنى پۈتۈن ئۇيغۇر دىياردا ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدا مىللىي دۆلەت قۇرۇش نىشانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 1919- يىلىدىكى تەسىس يىغىنىدا مەركىزى جەمئىيەتنىڭ مەقسىتىنى مۇنداق يورۇتقان ئىدى :«بىز مانجۇ ھۆكۈمدارلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان نادانلىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن تەرەپبازلىق ئادىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىر ئىتتىپاقتا بىرلىشىشىمىز كېرەك. قەدىمىي " ئۇيغۇر" ناملىق مىللىتىمىز بەلگىلىك شارائىتلاردا يەنە مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئەزگۈسىگە مۇپتىلا بولۇش نەتىجىسىدە سىنىپىي زىددىيەتچىلىك كېسەللىدىن پەيدا بولغان " قاشقارلىق"، "تارانچى" دېگەن سۈنئىي ناملار بىلەن ئىككى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. بىزگە ئەمدى بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش ۋاقتى يەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىلمىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلانغان نامى " ئۇيغۇر". ئەمدى شۇ نامىمىزنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈپ ،مىللىتىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي ئەتكۈزەيلى[26] .

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتا يولغا قويغان ئاساسلىق پروگراممىلىرى ئالدى بىلەن يەتتىسۇدىكى تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى مائارىپىنى پەيدا قىلىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارقىلىق قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش بولدى. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قارىشىچە، قالاقلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، كۈچلۈك بىر سىياسىي ۋە ئاممىۋى جەمئىيەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى ھەمدە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن 1920- يىلىدىلا ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا 18 ئۇيغۇر مەكتىپى ئېچىلدى. بىلىمى يېتەرلىك ياشلارنى بولسا، تاشكەنتكە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى [27]. جەمئىيەتنىڭ مۇزىكا ۋە دراما بۆلۈمى بولسا سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ،كونسېرتلارنى قويىدى ھەمدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە دراملارنى ئويناپ كۆرسەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ "مەنسەپپەرەس" دراممىسى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى يېزىپ، ئۆزلىرى رېژىسسورلۇق قىلىپ ئويناپ چىققان دراما ئىدى. جەمئىيەتنىڭ يەنە بىر نەپەر ئەزايى ئىسمائىل تاھىروف ئۆزبېك تىلىدىن ئىككىدرامىنى تەرجىمە قىلىپ تەييارلاپ چىققاندىن كېيىن سەھنىلەشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىرىنچى دراما گۇرۇپپىسى مەيدانغا كەلدى[28] .

**ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن" ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" غىچە**

---

[26] ئابدۇلمجىت رۆزىباقىيېف. تەڭرىقۇل قۇتلۇق.پەرۋاز مەجمۇئەسى. 1994. ئالمۇتا.11-بەت

[27] ساۋۇت موللاۋۇتوف. شۇئەسەر.188-بەت.

[28] ساۋۇت موللاۋۇتوف. شۇئەسەر.188-بەت.

1919- يىلى، 2- ئايدا ئالمۇتادا قۇرۇلۇپ يەتتىسۇنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇر يېزىلىرىدا شۆبىلىرى بولغان " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى، 1921- يىلى، 3- ئىيۇن كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان " ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى تەشكىلاتلىرى"نىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بويىچە" ئالتىشەھەر - جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى"غا قوشۇلۇپ، ئايرىم جەمئىيەت بولۇشتىن قالدى[29] .

مەزكۇر قۇرۇلتايغا يەتتىسۇ، پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت، ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن 100 گە يېقىن ئاكتىپ،تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ،جەمئىي 117 ئادەم قاتناشقان ئىدى[30]. بۇ قۇرۇلتايغا ھەم1919- يىلى قۇرۇلغان " ئۇيغۇر جەمئىيىتى"نىڭ بىر قىسمى ئەزالىرىمۇ ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

قىسقىسى، مەزكۇر "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" 1921- يىلى، 6- ئايغا كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقلىرىغا ئاساس بولغان ھەمدە ئۇيغۇر قۇرۇلتايىدا بۇ نامنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئەسلىگە كېلىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قوللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە مەۋجۇتكى، ئالمۇتادا ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇلغان چاغدا يەتتىسۇ ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلاردا ئوخشاشلا " قەشقەرىيە- جۇڭغارىيە ئىشچى- دېھقانلىرى جەمئىيىتى" دېگەن ئاممۋى جەمئىيەتمۇ مەيدانغا كېلىپ تېز تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان " قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى - دېھقانلار تەشكىلاتى"غا قوشۇلۇپ كەتمەي ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، پەقەت 1921- يىلى، 6- ئايدا ئۇيغۇر نامى ئورتاق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بەردى؟ نېمە ئۈچۈن مەزكۇر جەمئىيەت قەشقەرىيە- جۇڭغارىيە ئىشچى- دېھقانلار تەشكىلاتىغا باشتىلا ئەزا بولماي ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش مەۋجۇت بولدى؟بۇ ھەقتە يازما مەنبەلەر يوق ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئىزدىنىشكە تېگىشلىكتۇر. لېكىن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى،1921-يىلى، 3- 9- ئىيۇن كۈنلىرى تاشكەنتتە چاقىرىلغان قۇرۇلتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئاكتىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ تەشكىلاتقا ئايلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، مەزكۇر قۇرۇلتايدا " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" رەئىسى ئابدۇللا روزىباقىيېف رەئىسلىككە سايلاندى. شۇنىڭدەك مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى " ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" تەركىبىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى ياكى جايلاردىكى شۆبە تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپلىرى سۈپىتىدە " ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى" نى كېڭەيتىشكە ھەسسە قوشتى.

" ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" نىڭ كۆزلىگەن غايىسى ئىنقىلابنى پۈتۈن قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىگە ، يەنى ئۇيغۇرلار دىيارىغا كېڭەيتىش، بۇ رايونلاردا خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب قوزغاش شۇنىڭدەك تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مۇستەقىل سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدى. ئۇيغۇر

[29] ئابدۇللا رۆزىباقىيېف. بەشىيللىق ھېساب.<<بىرىنچى چامدام>>، 1924- يىلى،موسكۋا. 120-138-بەتلەر

[30] David Brophy. *Uyghur Nation. Reform and Revolution in Russia-China Frontier*. Harvard University Press.2016.pp. 175-190.

ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئارزۇسى روشەنكى سوۋېتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق "ئۇيغۇرىستان" سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ غايە تۈپەيلىدىن ناھايىتى تېزلىكتە " ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، يەنى ھازىرقى ئۆزبېكستاننىڭ تاشكەنت، ئەنجان، قوقان، سەمەرقەند، تۈركمەنىستاننىڭ بايرامالى، قازاقىستاننىنف ئالمۇتا، ياركەنت ۋە باشقا يېزىلىرىدا، قىرغىزىستاننىڭ پىشكەك، قاراقول، ئوش قاتارلىق شەھەرلىرىدە شۆبىلىرى قۇرۇلغان ئىدى[31] .

"ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى" يەنە ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي ئادەملىرىنى قەشقەر، ئۈچتۇرپان، غۇلجا ۋە باشقا جايلارغا ئەۋەتىپ، بۇ جايلاردىمۇ يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا، خەلق ئىچىدە تەشۋىقات قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ۋەھالەنكى، 1921- يىلى، 6- ئايدا رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى يان رۇدزۇتاك تەييارلىغان" قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرى" نى قۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىمىدى.

«ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ يادرولۇق ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى ۋاقىتلاردا كوممۇنىزم مەپكۇرىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا مىللىي ئىدىيە يەنىلا ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكنى تىكلىمەكچى ۋە لېنىننىڭ " مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى " شوئارى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ غايىسى ئازاد ۋە سوتسىيالىستىك" ئۇيغۇرىستان" قۇرۇش بولۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستاندا ۋە خىتاي مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا (شىنجاڭدا) ياشاۋاتقان "تارانچى" ۋە "ئالتەشەھەرلىك" لەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ئايرىمچىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ئورتاق مىللىي ئىدىيە، ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئورتاق سىياسىي كىملىك بايرىقى ئاستىغا تەشكىللەش ئىدى. بۇ، دەل لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمپېرىيالىستلارغا قارشى دۇنيا ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت شوئارىغا ماس كەلگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈركىستان كومىسسىيىسىمۇ يان رۇدزۇتاك باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ پروگراممىلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1921- يىلى، 6- ئايدا تاشكەنت قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇر مىللىي روھى ۋە "ئۇيغۇرىستان" ئاتالغۇسى كۆپلەپ تەرغىب قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر شائىرلىرى،تارىخچىلىرى، سىياسىيونلىرى بۇ ئاتالغۇ ۋە مەزكۇر تېمىغا كۆپ مۇراجىئەت قىلدى. بولۇپمۇ، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى ۋە سىياسىي ماقالىلىرىدە "ئۇيغۇرىستان" ئاتالغۇسى ۋە ئىدىيىسى كەڭ قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ 1921- يىلى يېزىلغان "ئېچىلماس كۆڭلۈم" ۋە "ياش يۈرىكىم"ناملىق

[31] نەبىجان تۇرسۇن. لېنىننىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى- " ئانا يۇرت " ژۇرنىلى، 2013-يىلى، 2-سان. ئەنقەرە. داۋىد بروپھي. شۇ كىتاب. 175-190-بەتلەر

شېئىرلىرى ھەم نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ "نۇزۇگۇم" پوۋېستىدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىك روھى ۋە "ئۇيغۇرىستان" ئىدىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۇرۇلدى[32] .

مەسىلەن، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئابدۇلھەي مۇھەممىدىنىڭ 1921-يىلى يازغان " ياش يۈرىكىم" ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى "ئۇيغۇرىستان" سىياسى چۈشەنچىسى بىلەن بىرلەشتۇرگەن ئىدى؛ شائىر ئۆز مەۋقەسىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن:

ئۇيغۇرىستان ئېلىم، سېنىڭ ئالدىڭدا مەن،
تىزلىناي ،سەجدە قىلاي، باش قوياي ھەم.
گۇنايىم كۆپ، ئەيىبىم چوڭ، خاتام نۇرغۇن،
كەچۈرگىن سەن، بۇ كىرىمدىن پاكلىنايمەن.[33]

شائىرنىڭ نەزىرىدە ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى نەدە ياشاشتىن قەتئىينەزەر ئۆز ۋەتىنى "ئۇيغۇرىستان"غا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.. دېمەك، ئەنە شۇ دەۋردە " ئۇيغۇرىستان" ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر ئەدىبلىرى، جۈملىدىن زىيالىيلىرىنىڭ قەلبىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئىدېئاللاشتۇرۇلغان ئىدى.

" ئۇيغۇرىستان " ئىدىيىسى 1921- 1930- يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ ماۋزۇ ئاستىدا كۆپلىگەن شېئىرلار يېزىلدى. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ داھىيسى، " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" نىڭ ۋە 1921- يىلىدىكى " ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" نىڭ قۇرغۇچىسى ھەم رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېفمۇ ئۆزىنىڭ 1921- 1927- يىللىرى ئارىسىدىكى ماقالىلىرىدە " ئۇيغۇرىستان" ئازادلىقى ئىدىيىسىنى كۆپ تەرغىب قىلدى ھەم بۇ ئاتالغۇنى شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى بىلەن تەڭداش ئىشلەتتى. بۇ ئارىلىقتا، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرى ئارىسىدا 1924-يىلى، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان دېگەندەك ناملاردا ئايرىم ئىتتىپاقداش ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە " ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش ئىدىيەسى تېخىمۇ كۈچەيدى[34].

ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆزىنىڭ 1921- يىلىدىكى تاشكەنت ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىغا بېغىشلاپ يېزىپ، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان باش ماقالىسىدىمۇ ،قەشقەرىيە- جۇڭغارىيە خەلقىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنى ئازادلىق كۈرىشىگە چاقىرىپ، ئەمدىكى ئازادلىق نۆۋىتىنىڭ قەشقەرىيىگە كەلگەنلىكى كۆرسەتكەن ئىدى. " ئۇيغۇرىستان" ئىدىيەسىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق تەرغىباتچىلىرى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ( 1887-1952)، ئابدۇللا روزىباقىيېف ( 1897-1938)، ئىسمايىل تاھىروف (1900 -1938)، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى

[32] ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى. قازاقىستان "ناۋكا " نەشرىياتى. ئالماتي. 1986. 10-بەت
[33] ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى. قازاقىستان "ناۋكا " نەشرىياتى. ئالماتي. 1986. 10-بەت

[34] . Nabijan Tursun. Factors and Challenges of Uyghur Nationalism in the Early Twentieth Century. In: Kurmangaliyeva Ercilasun G., Ercilasun K. (eds) The Uyghur Community. Politics and History in Central Asia. Palgrave Macmillan, New York.2018. P.38. (نەبىجان تۇرسۇن. 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئامىللىرى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى - مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر جامائىتى، سىياسەت ۋە تارىخ. پالگراۋە ماكمىللان نەشرىياتى. نيۇيورك، 2018-يىلى نەشرى. 38-بەت)

(1900-1938)، نۇر ئىسرايىلوف (1910-1938)، تۇردى ھەسەن ( 1909-1938) ، ئىلدىرىم (?-1938) ۋە باشقا زىيالىيلار ھەم ئەدىبلەر ئىدى[35].

گەرچە، سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى كېيىن بۇ پىلانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئايرىم مىللىي كىملىكىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارغا ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلارنى بېرىش سىياستىنى يولغا قويغاندا، ئوخشاشلا ئايرىم ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا پائالىيەت قىلىشىغا يول قويدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە كۆپلەپ ئوقۇشى، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىشى ھەتتا ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلارنىڭ 1923- يىلىغا كەلگەندە "ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى" نامىدا ئىلمىي ، ئاقارتىش جەمئىيىتى تەسىس قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىق خاتىرىسى بىلەن 1924- يىلى" بىرىنچى چامدام" نامىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئالماناخنى نەشر قىلدۇردى. بۇ توپلامغا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، تارىخچىلىرى ۋە سىياسىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ئىجادىيەتلىرى كىرگۈزۈلدى.

### "ئۇيغۇرىستان" ۋە " شەرقىي تۈركىستان"

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، "تۈركىستان"، "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسى ئاتالمىش پانتۈركىزم ياكى پانئىسلامىزم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئاتالغۇلىرى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئاتالغۇلار مەۋجۇت. "تۈركىستان" ئاتالغۇسى قەدىمىي دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ.

13-9-ئەسىردىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۆز دۆلەت نامىنى يەنە " ئۇيغۇر ئېلى" دەپمۇ ئاتىغان.

13-ئەسىردە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ " ئۇيغۇرىستان " ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار يېرىنىڭ پارىسچە " ستان" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنى شۇ نام بىلەن ئاتىغان.17-ئەسىردە ئۆتكەن بەلخ تارىخچىسى ماخمۇد بىن ۋالى ئۆز ئەسىرىدە " ئۇيغۇرىستان " كەلىمىسىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئاتالغۇ بىلەن ياركەنت خانلىقىنى نەزەرگە تۇتقان. ئۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئۆتكەن ۋاقىتتا سەمەرقەنتتە ياشىغان قەشقەرلىكلەرمۇ " ئۇيغۇرىستان" ئاتالغۇسىنى قوللانغان[36].

مەسىلەن، ماخمۇد بىن ۋالى كىتابىدا: "ئابدۇل كەرىم خانىنىڭ كۆپ قېتىم قازاق سۇلتانلىرى ۋە قىرغىز ھەربىي قوماندانلىرى بىلەن جەڭلىرى يۈز بەردى، بۇ بارلىق ئۇرۇشلاردا ئۇ غالىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ رەقىبلىرى مەغلۇپ بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇ ئاساستا ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاھالىلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى

---

[35] Nabijan Tursun. Factors and Challenges of Uyghur Nationalism in the Early Twentieth Century. P.38.
نەبىجان تۇرسۇن. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئامىللىرى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى . 38-بەت

[36] David Brophy. The Uyghur Nation. P.27

ئورنتىلدى"دېگەن جۈمىلىلەرنى ئىشلەتكەن[37]. ئابدۇل كەرىمخان سۇلتان سەيىدخاننىڭ نەۋرىسى، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئوغلى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا رۇسلار ۋە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئاتىلىپ كېلىندى. رۇس چۇۋاش تارىخچىسى ن. بىچۇرىن دەسلەپ بۇ ئاتالغۇنى قوللانغان. ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىپ، 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا رۇس شەرقشۇناسلىرى ئارىسىدا بۇ نام خېلى ئومۇملاشتى. 1868-يىلى ،ۋ.گرىگورىيېۋ " خىتاي تۈركىستانى ياكى شەرقىي تۈركىستان" ماۋزۇلۇق تۈنجى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يازدى. بۇ نامە ئەنگلىيە ھۆججەتلىرىدىنمۇ ئورۇن ئالدى. رۇسلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا " شەرقىي تۈركىستان" نامى ئاستىدا مەخسۇس تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئېتنوگرافىيەسى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئائىت مەخسۇس بىر قانچە كىتابلىرى ۋە نەچچە ئونلىغان ماقالىلىرى نەشر قىلىندى. 1903-يىلى رۇس ھەربىي رازۋېتچىكى لاۋر كورنىلوۋ " قەشقەرىيە ياكى شەرقىي تۈركىستان" ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. شەرقىي تۈركىستان ئۇلار ئۈچۈن نورمال تارىخىي جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇدىن ئىبارەت ئىدى. چار رۇسىيە دەۋرىدىكى رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان چۈشەنچىسگە پەقەت تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى كىرەتتى. ئەمما سوۋېت دەۋرىدە ئۇنىڭ دائىرىسى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى پۈتۈن شەرقشۇناسلىقى ساھەسىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ ھېسابلاندى ۋە ھازىرمۇ شۇنداق قوللىنىلماقتا.

چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بولسا ئۆزى ئىشغال قىلىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولسا 1865-يىلى تۈركىستان گۇبېرنىيەسى قۇردى. 1918-1924-يىللىرى بولسا بولشېۋىكلارنىڭ تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولدى. ئەمما، 1924-يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللىي چېگرىلارنى ئايرىپ، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى، تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى، تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ( كېيىنرەك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت دەرىجىسگە كۆتۈرۈلدى)، قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ( كېيىنرەك ئاپتونوم ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە كۆتۈرۈلدى)، قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ( كېيىنرەك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولدى) قۇرۇپ، ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تۈركمەن، ئۇيغۇر ، تاجىك، قاراپقالپاقلارنى ۋە باشقىلارنى ئايرىپ چىقتى ھەمدە بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئوبلاستلار ئارىسىدا چېگرا لىنىيەسى سىزىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، بۇ زېمىنلاردىكى ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئومۇمى تۈرك دەپ قارايدىغان ۋە ئورتاق تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيەسى بەربات بولدى. مانا بۇ سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تۈركىستاننى ئاپتونومىيە ئارقىلىق جۇغراپىيەلىك ۋە ئېتنىك جەھەتتىن پارچىلاش سىياستى ئىدى.

---

[37] " ماخمۇد بىن ۋالى. باھر ئال-ئاسرار فى ماناكابىب ئال-ئاخيار" ( مېھرىبان كىشىلەرنىڭ دېڭىز كەبى خاسىيەتلىك سىرلىرى ) 2-قىسمى. ك.ئا .پۇشىنسكىينىڭ رۇسچە تەرجىمىسى.
بۇ ئەسەر تۆۋەندىكى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن:
Alma-Ata. izvlechenia iz Persidskiykh I Tyurkiskikh sochineniy Materiyaly po Istorii Kazakhskikh xanstv 15-18 vekov Nauka, 1969.

ۋاھالەنكى، سوۋېتلەرنىڭ بۇ خىل پارچىلاش سىياسىتى ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى تەنقىد نۇقتىسىغا ئايلانغان بولۇپ، رۇسلارنىڭ تۈرك خەلقلىرىنى پارچىلاش ئۈچۈن يەنە " پانتۈركىزم" ئىدىيەسىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى غەرب ئىلىم ۋە سىياسەت ساھەسىدىكى تەنقىد نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

قىسقىسى، 1919- يىلى، 2- فېۋرالدا ئالمۇتادا دەسلەپتە يەتتە ئەر، ئىككى ئايال بولۇپ جەمئىي 9 ئۇيغۇر ياشتىن قۇرۇلغان " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" ئەڭ ئاخىردا بۈگۈنكى كۆپ مىليونلۇق ، بىر پۈتۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە باشلاپ بېرىش ۋە ئاساس سېلىش رولى ئوينىدى دەپ قاراش خاتا ھۆكۈم بولمىسا كېرەك.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ،سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ، جۈملىدىن شەرقتىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقىغا ياردەم بېرىش شوئارلىرىغا ئىشىنىپ، ئۈنىڭدىن ئۈمىد كۈتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى تۈرلۈك يەر ئاستى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرىگە "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسى قوللانسا،يەنە بەزىلەر " ئۇيغۇرىستان" نامىنى ئىشلەتكەن ئىدى. رۇسىيە ئارخىپلىرىغا تايانغاندا مۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرى 1923-1925-يىللىرى، بەلكى ئۈنىڭدىن كېيىنمۇ قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلدى. 1923-1924-يىللىرى غۇلجا ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان " شەرق" دەپ ئاتالغان يەر ئاستى تەشكىلات شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، " ئۇيغۇرىستان" غايىسىنى ئاساس قىلغان مەزكۇر تەشكىلات ھەتتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئاگېنتلىرى بىلەنمۇ ئالاقە قىلغان.[38]

1920-يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلغان " ياش قەشقەرلىقلەر" جەمئىيىتى 1925-يىللىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۆز ئىنقىلابى ئۈچۈن ياردەم سوراش مەقسىتىدە ئۆز ئادەملىرىنى مەخپىي تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى نورۇز ھاجى ئوغلى ئەلى ھاجى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر تەشكىلات نامىدىن 1927-يىلى، تاشكەنتتە رۇسىيە بولشېۋىكلىرى پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا دوكلات يېزىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆز تەشكىلات پائالىيەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇلىرىنى يەتكۈزۈپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىغان. خەتتە ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ نامى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتالغان بولۇپ، قەشقەر، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئۇنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى ، ئۈرۈمچى ئۇيغۇرىستاننىڭ مەركىزى دېيىلگەن. " ياش قەشقەرلىقلەر" جەمئىيىتىنىڭ ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابى "ئۇيغۇرىستان ئىنقىلابى" دەپ ئاتالغان. خەتتە: "بىزنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىنقىلابى پۈتۈن دۇنيا ئىنقىلابىغا ماددىي - مەنىۋىي ياردەم بېرىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىپ قويغان شۇرالار ھۆكۈمىتىدىن مەدەت ئالماي ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. خىتايدا كۈندىن — كۈنگە چوڭقۇرلاشماقتا بولغان ئىنقىلابى ھەرىكەت بىزنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىنقىلابىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان ۋاقىت كەلگىچە، شۇ جۈملىدىن شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ شەرق ئازادلىقى سىياسىتى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزغا يول قويغۇچە بولغان ئارىلىقتا دەرۋەقە بىزلەرنىڭ ئىنتىزارلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ" دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان[39] .

---

[38] RGASPI.F.514.Op.1.D.48. Aprel,1924. Doklad po Sinziyanu . (رۇسىيە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي ئارخىپى. 514-فوند. 48-دېلو. 1924-يىلى، ئاپرېلدىكى شىنجاڭ بويىچە دوكلات )

[39] . بۇ خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئاۋسترالىيە تارىخچىسى داۋىد بروپىي سوۋېت ئارخىپىدىن تاپقان ۋە ئېلان قىلغان. بۇ ھەقتە قارالسۇن : David Brophy : The Fate of Young Kashgars: A Page from the Political History of Xinjiang. P.67-71.

دېمەك، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز مىللىي كىملىكىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاش بۇ ۋاقىتتا ئاڭلىق زىيالىيلار، مىللەتپەرۋەرلەر ئارىسىدا شەكىللىنىپ بولۇنغان ئىدى. ۋاھالەنكى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بۇ ۋاقىتتا تامامەن ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇ خىتاي مىلىتارىستلىرىنى قوللاشنى سىياسىي كۈنتەرتىپكە قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرىستان نامىدىكى سوتسىيالىستىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھەرىكەتلىرىنى قوللىماسلىقنى بېكىتىپ بولغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ غايىسى 1930- يىللاردىكى كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا خەلقلەرنى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى قىلىپ، بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشىغا شۇنىڭدەك 1944- 1949- يىللىرى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن گىرەلەشكەن بولۇپ،بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىننىڭ تارىخىي جۇغراپىيىلىك نامى بولغان شەرقىي تۈركىستان بىلەن شۇنىڭدەك بۇ زېمىندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان بارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلەشكەن بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن زىچ گىرەلەشكەن ئىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت ئوخشاشلا مىللىي ئىدېئولوگىيە بويىچە ئالغاندا كۆپ مىللەتلىك ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ئىبارەتتۇر.

1919- يىلىدىكى 2 ئۇيغۇر ئايال ، 7 ئۇيغۇر ئەردىن تەركىب تاپقان 9 ئادەم قۇرغان تۈنجى " ئۇيغۇر جەمئىيىتى" باشلىنىشتا ئازغىنا ئادەملەردىن قۇرۇلغان تەشكىلات ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىگە ئۇيغۇر نامىنى، ئۇيغۇر مىللىي ئىدىيىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشنى غايە قىلغاندا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى غەپلەتتە ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ غايىسى 1930- 1940- يىللاردا ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا ئۇلىشىپ كەلدى، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى كۈندە چوڭ بىر مىللەتنىڭ ئورتاق مىللىي كىملىكى، مىللىي غايىسىگە ئايلاندى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ۋە باشقا يۈزلىگەن تۈنجى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ " ئۇيغۇرىستان" چۈشى 1933- يىلى، قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى قويغان پۇلىغا سىڭدى. يەنى، مەزكۇر جۇمھۇرىيەت " ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى" نامىدا سانى ئانچە كۆپ بولمىغان پۇل قويدۇرۇش بىلەن تارىختىكى تۈنجى "ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيتى" پۇلىنى بەرپا قىلدى ھەمدە بۇ ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تۇپ غايىسىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ئىدى.ئۇيغۇرىستان ئىدىيەسى 1934-1938-يىللىرى ئارىسىدىمۇ ياشىدى.ھەتتا 1935- يىلى، گېنېرال ماھمۇد مۇھىتىنىڭ قەشقەردىكى قوشۇنلىرىغا مەسلىھەتچىلىك قىلىۋاتقان سوۋېت ھەربىي خادىملىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي جاسۇسلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرىستان مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى مەخپىي مەلۇم قىلغان ئىدى[40] .

---

[40] Pawél Aptékar Pavel Aptekar. *“Ot Zheltorossii do Vostochno-Turkestanskoi respuliki,”* http://rkka.ru/oper/sinc/sinc.htm .
(سېرىق رۇسىيەدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگىچە)

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىلا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دىيارىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى مەيلى " ئۇيغۇرىستان" ۋە ياكى "شەرقىي تۈركىستان" نامى ئاستىدا بولسۇن ھەر قانداق شەكىلدىكى مۇستەقىللىقنى قوللىماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ 1920-يىللاردىكى بىر قىسىم ھەرىكەتلەرنى قوللىشى ۋە 1944-1949-يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىشى ھەم قوللىشى پەقەت ئۆز دۆلەت مەنپەئەتىدىن ۋە ئىختەرلىكىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەتلىرى قانائەتكە ۋە گارانتىغا ئېرىشلىسە، ئۇيغۇرلارغا بولغان قوللاشلارنى كۆنتەرتىپتىن قالدۇرۇپ، ئەكسىچە قۇربان قىلىش سىياسىتى قوللانغان ئىدى[41].

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 1933-يىلى ۋە 1944-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدا ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى قانداقتۇر، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە " شەرقىي تۈركىستان" نامىنى قوللانغانلىقى ياكى ئاتالمىش پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم پرىنسىپىغا تايانغانلىقى ئۈچۈن غەرب ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ يوق قىلىنىشى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىل ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە باغلىنىشلىق. بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئىسلامى ۋە تۈركچىلىك پرىنسىپى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋاقتىنىڭ بەك قىسقا بولۇپ، ئالدى بىلەن تۆگەن قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىشى ئىدى.يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارا مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئۇلارنى ئەتراپتىكى خىتاي جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىيەلىك ئالاقىسى بار ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئاشكارا تونۇشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز يېنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ تونۇشنى خالىمىدى، چۈنكى ئۇ مۇنداق مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ كېتىش ياكى مانجۇرىيەنى بېسىۋالغان ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ياپونىيەنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ ھاكىمىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۆزبېك، قىرغىزلارنىڭ ئورۇن ئىگىلىشىمۇ ئۇلار خالىمىغان ئىش ئىدى. نېمىشقا ما جوڭيىڭنى قوشۇپ چىقىرىپ يوقاتتى دېگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ما جوڭيىڭنىڭ ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پىلانىغا ماسلىشىشىدىن قورقتى. شۇڭا موسكۋا، بۇ ئۆلكىنى سوۋېتكە مايىل خىتاي مىلىتارىستىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوۋېتپەرەس ئۆلكە بەرپا قىلدى. ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ نەچچە قېتىملىق ئايرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رامكىسى ئاستىغا كىرىش تەلىپىنىمۇ رەت قىلدى. موسكۋانىڭ بۇ ۋاقىتتىكى سىياسىتى مەيلى شەرقىي تۈركىستان ۋە ياكى ئۇيغۇرىستان نامىدا بولسۇن ھەر قانداق شەكىلدىكى مۇستەقىللىققە يول قويماسلىق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىسلامچىلىق شوئارىمۇ موسكۋانى ئەندىشىگە سالىدىغان نۇقتىلاردىن بولۇپ، موسكۋا لوندوننىڭ بۇ شوئار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى قوللاپ، ئۆزىگە قارشى بازا قىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

موسكۋا 1944-يىلى بولسا ئۆزى بىۋاستە ياردەم بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنى ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جۇمھۇرىيەتكە زور ھەربىي ۋە كادىر ياردىمى بەردى. ئاخىرىدا خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى جەريانىدا بۇ ھاكىمىيەتنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئىگىلىنىشىنى ئىشقا

---

[41] بۇ ھەقتە رۇس تارىخچىسى ۋالېرىي بارمىنمۇ شۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ *Barmin W. A.* Sinzsjan w sovetsko-kitajskikh otnoshenij ach 1941—1949 gg.Barnaul, 1999. (ۋ.ئا.بارمىن. شىنجاڭ سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە، 1941-1949-يىللىرى) .

ئاشۇردى. ستالىن شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى ۋە ياكى ئۇنىڭ پانتۈركزىمنى تەشۋىق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلسا ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللىمىغان ، ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنى قورالاندۇرۇپ، زور ساندىكى ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتمىگەن بولار ئىدى.

1949- يىلى، 8- ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1951- يىلى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ۋە كادىرلىرىدىن 51 ئادەم غۇلجادا يىغىن ئېچىپ؛" ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ھەققىدىكى لايىھە" نى تۈزگەن بولسىمۇ، خىتاي كومپارتىيىسى دائىرىلىرىدىن ۋاڭ جېن قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ 1949-يىلى ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، 1922-يىلدىن تاكى 1949-يىلغىچە ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپى بويىچە فېدېراتىپ دۆلەت سىستېمىسى قۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۇ فېدېراتسىيەگە ئەركىن كىرىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزگىرىپ، پەقەت تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش سىياستى يۈرگۈزدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈرگۈزگەندەك مىللەتلەرنى ئايرىم گەۋدىلەرگە پارچىلاش ئۇسۇلى قوللانغان بولۇپ، 1930- يىللاردا ۋە 1940-يىللاردا بىر شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئاستىدا ئىنقىلاب قىلغان تۈركىي خەلقلەرنى ھەم باشقا مىللەتلەرنى ئاپتونومىيە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزئارا پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياستى يۈرگۈزدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالدى بىلەن مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر، يەنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلۇپ، ئاساسىي مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى تىكلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلار قۇرۇلغان بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن سانى ئاز مىللەتلەرگە ئاپتونوم ھوقۇقى بېرىپ، ئاساسىي مىللەت، يەنى ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنغا قويدى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ تەتۈرسىگە بارلىق ئاز نوپۇسلۇق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ۋە زېمىن تەۋەلىكلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، ئارقىدىن چوڭ گەۋدىنى قۇرۇش يولى تۇتتى.

ئەنە شۇ ئۇسۇل بويىچە، ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى پۈتۈن ئاھالىنىڭ 80% كە يېقىن قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا قاراپ، ئالدى بىلەن بۇ دىياردىكى بارلىق نوپۇسى ئاز مىللەتلەرگە، جۈملىدىن ئالدى بىلەن قازاقلار ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئايرىم ئاپتونومىيە بېرىپ، ئۇلارغا چېگرا ئايرىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك سىياسى جۇغراپىيەلىك چېگرىسىنى ئايرىپ چىقتى. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە موڭغۇللارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش ئارقىلىق، پۈتۈن تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ھەمدە شىمالدىكى جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئايرىپ، ئىككى موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇردى، ئارقىدىن ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇڭگان ئورگىنى قۇردى. ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن ئاپتونومىيەلىك بىرلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇردى. قارىماققا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلكىدىكى 80% كە يېقىن نوپۇسلۇق ئەڭ زور ئاھالە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن ئۆلكىگە بولغان مىللىي ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئالدى بىلەن بۇ زېمىننى 5 ئاپتونوم ئوبلاست ۋە نەچچىلىگەن ئاپتونوم ناھىيەلەرگە ئايرىپ، مىللەتلەرنىڭ زېمىن چېگرىسى

ئايرىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئايرىم جۇغراپىيەلىك چېگرا، ئايرىم ئۆزىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش چۈشەنچىسىنى كۈچەيتتى. ھەتتا نوپۇسى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى ئاھالىسى نوپۇسىنىڭ 10 % تىگە يەتمىگەن قازاقلارغا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولغان ئۈچ ۋىلايەتنى ئايرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىسىگە قويدى. بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىشتىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئەينى ۋاقىتتا نوپۇسى 30 مىڭ ئەتراپىدىكى موڭغۇللارنىڭ بايىنغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىپ بەردى. قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ زور بىر قىسىم دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە تاغلىق رايونلىرىدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇش بىلەن قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگراسى قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىغىلا سىزىلدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئېتنىك جۇغراپىيەلىك چېگرا ئايرىش مۇتەخەسسىسلىرى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ 1920-يىللاردىكى ئېتنىك جۇغراپىيەلىك چېگرا ئايرىش، ئېتنىك جۇغراپىيەلىك خەرىتە سىزىش تاكتىكىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى. ئومۇمەن، يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك رايونى ئەمەس، دېگەن تەشۋىقاتلارمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خۇددى 1940-يىللاردا گومىنداڭ دائىرلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن "شىنجاڭ بىرلا ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭى ئەمەس" دېگەن تەشۋىقاتنى كۆتۈرۈپ چىققانغا ئوخشايتتى. ئەينى ۋاقىتتىمۇ خىتاي گومىنداڭ دائىرىلىرى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارغا قارشى قويۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى كۈشكۈرتۈش چارىسى قوللىنىش ئارقىلىق غۇلجىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئىچىدىن پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، خىتاي دائىرىلىرى ھەتتا تۇرغۇن ئالماسنىڭ " ئۇيغۇرلار" ناملىق كىتابىنى كەڭ تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرغاندا بەزى خىتاي تارىخچىلىرى ئۇنى " پان ئۇيغۇرچى"دەپمۇ ئاتىغان، يەنى ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە قەدىمى ۋە چوڭ مىللەت قىلىپ گەۋدىلەندۇرگەن دەپ ئەيىبلىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۇرۇش ۋە ئۇلۇغلاش، باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەكىتلەش ئوخشاشلا "كۆپتۈرىۋېتىش، " ئاشۇرۇش" ۋە "تارىخنى بۇرمىلاش" ھەتتا " پانتۈركىزم ۋە پانىسلامىز ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىش" دەپ ئەيىبلەنمەكتە.

ئومۇمەن، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ " ئۇيغۇرىستان" نامىنى تونۇشنى خالىمايدىغان رېئاللىقنى شەكىللەندۈرگەن. " شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىدىن بولسا قورقۇش روھى ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ناملار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، سوۋېت دەۋرىدە 60 يىللار مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەر ئەنە شۇ ناملار بىلەن ئاتالدى. بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزلىرى كۆپ مىللەتلىك، ھەتتا بەزىلىرىدە 120 دىن ئارتۇق مىللەت ياشىسىمۇ، بەربىر مەزكۇر مىللەتلەر ئەشۇ جۇمھۇرىيەت نامىنى ئېتىراپ قىلىپ ياشىدى، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا بولسا، تەبىئىي ھالدا ھەممە مىللەتلەر شۇ نام ئاستىغا كىردى.

مەزكۇر ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ 1991-يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىشى بىلەن ئۆزلىرىگە ئەنە شۇ خىل ئايرىم ناملارنى قويۇپ ئېلان قىلىشى ئۇلارنىڭ " پانتۈركىزم" ياكى " پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىگە چېتىلىپ قېلىپ، خەلقئارانىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇشتىن ئەنسىرەشتىن كېلىپ چىققان ئەمەس. بۇ

ناملار مۇستەقىللىقتىن ئىلگىرىلا ئۆزۈن يىللار ئىشلىتىلدى.  ۋاھالەنكى، بۇ جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن " تۈركىستان ئورتاق ئۆيىمىز" دېگەندەك شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەتتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنىك، مەدەنىيەت قېرىنداشلىقىنى تەرغىپ قىلىش، يېزىش، تەتقىق قىلىش، سۆزلەش ۋە تەشەببۇس قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ھەر قايسى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئاغىزلىرىدىن ئۆزئارا ئۈچرىششلىرىدا تۈركىي قېرىنداشلىق نۇتۇقلىرى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

1958- يىلى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە مۇھىم رەھبىرى خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن، ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا يۇقىرى رەھبىرىي ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان  زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى ۋە باشقا ئونلىغان ئەربابلار ھەممە ھەر قايسى جايلاردىكى كۆپ ساندىكى زىيالىيلار ۋە كادىرلار خىتاي كومپارتىيىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەندە ئۇلارغا " ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى" ، " ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى" ،" شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش" نى تەلەپ قىلدى دېگەن "جىنايەت"  ئارتىلىپ، جازالاندى.

1990-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرلىشى بىلەن شەكىللەنگەن مۇستەبىت تۈزۈم يوقىلىپ، ئەركىن ئوي پىكىر ئىپادىلەش، ئەركىن تۈردە ئۆز تەشكىلاتلىرىغا ئۇيۇشۇش مەزگىلىدە  1955-1962-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر دىيارىدىن ھەر خىل يوللار بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە  يەرلەشكەن 1944-1949- يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە ھەر خىل دەرىجىدە ھەربىي-سىياسىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان بىر قىسىم  كىشىلەر، شۇنىڭدەك  ھەر ساھەگە مەنسۇپ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارزۇسى كۈچىيىپ بىر ئومۇمىي ھەرىكەت دولقۇنى مەنزىرىسى شەكىللەنگەن ئىدى. مانا شۇ مەزگىلدە ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشكە قاتناشقان بىر قىسىم ئەربابلار " ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى" نامى ئاستىدا پائالىيەت قىلدى. يەنە بىر قىسىم  كىشىلەر بولسا " شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق فرونتى" دېگەندەك تەشكىلاتلار ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قازاقىستاننى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇرىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت ئىككى نامنى قوللىنىشنىڭ قايسىسى مىللىي مەنپەئەتكە ئۇيغۇن ۋە زامانغا لايىق دېگەن مەسىلىدە تالاش-تارتىش كېلىپ چىقىپ، بۇ ئىككى نامدىكى تەشكىلاتلار ئاممىۋى رەۋىشتە مۇنازىرەلىشىش ھەتتا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. قىزىق يېرى شۇكى، "ئۇيغۇرىستان" ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى 1944-1949-يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوماندىر —جەڭچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ، خېلى كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىلىرى سۈپىتىدە دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن ساق چىققانلار ئىدى.

ئوخشاشلا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق فرونتى  تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرىمۇ ئەشۇ  1944-1949- يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ھەممە مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭچىلىرى ۋە ئەشۇ ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرى ئىدى.

ئەسلى بىر غايىدىن كېلىپ چىققان ۋە بىر ئورتاق غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بۇ تەشكىلاتلار پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىش ئارزۇسىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈۋەتكەن بولۇپ،  ۋەتەنىنىڭ نامى مەسىلىسىدىن كەلىپ چىققان بۇ تالاش-تارتىشلار  ئۇ

رايونلاردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشىغىچە كىرگەن شۇنىڭدەك بۇنىڭ تەسىرى ھېلىھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر جامائىتى ۋە باشقا ئەللەردە ياد ئېتىلمەكتە. "ۋەتەننىڭ نامىنىڭ نېمە بولۇشىنى ۋەتەن ئازاد بولغاندا خەلق ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئورتاق غايە تېخى ئەمەلگە ئاشماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن زور كۈرەش قىلىش كېرەك بولۇۋاتقاندا كېرەكسىز تۈردە ئۆزارا پارچىلىنىشنىڭ ھاجەتسىز" دەپ قارىغۇچى يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر بولسا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىچكى بۆلۈنۈش پىكرىدە ئىزچىل تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

1990-يىللاردىكى " ئۇيغۇرىستان" ۋە " شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتچىلىرى ياكى ئۈچىنچى ئېقىمدىكىلەر ئوخشاشلا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن "دۈشمەن" ۋە "بۆلگۈنچى" ھېسابلانغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى 2000-يىللاردىن كېيىن " شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىنى ئەڭ كۈچ كۈردى ۋە ئۇنى ئاتالمىش "ئۈچ خىل كۈچ"نىڭ بەلگىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ دېگەنلىك ئەلۋەتتە خىتاينىڭ " ئۇيغۇرىستان" دېگەن ئاتالغۇغا ئىجابىراق قارىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆچ كۆرگەن "شەرقىي تۈركىستانچىلار"، يەنى ئاتالمىش " شىنجاڭدىكى ئۈچ خىل كۈچلەر"ئوخشاشلا ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەتتۇر.

قارىغاندا " ئۇيغۇرىستان" غايىسى " شەرقىي تۈركىستان " غايىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەر ئىككىلىسىلا بىر نىشاننى كۆزلەيتتى. شۇڭا، تارىختىكى خىتاي مىللەتارىستلىرى ۋە ياكى گومىنداڭ دائىرىلىرى بولسۇن ۋە ياكى كېيىنكى خىتاي كومپارتىيىسى دائىرىلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىككى غايىنى دۈشمەن كۆردى شۇنىڭدەك " ئۇيغۇرىستان " ۋە ياكى "شەرقىي تۈركىستان" جۇمھۇرىيەتلىرى ئىدىيىسى بولسۇن، ئەگەر ئۇ مۇستەقىللىق، ئازادلىق ئىدىيەسى بىلەن بىرلەشكەن بولسىلا بۇلارغا ئورتاق نام " پانتۈركىسىزم " ۋە" پانئىسلامىزم" قالپىقى كىيدۈرۈلدى. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۆزلىرىنىڭ " ئۇيغۇر " غايىسى، يەنى " ئۇيغۇرىستان" غايىسىنى ئەڭ بۇرۇن بەرپا قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، بۇرھان قاسىموف ۋە باشقا ئونلىغان ئەربابلار 1937- 1938-يىللىرى ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن "خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش" نامىدىكى ھەرىكەتتە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا ياكى سىبىرىيەدىكى گۇلاگ لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەندە بۇ ئۇيغۇرلارغا "خەلق دۈشمىنى" جىنايىتىدىن باشقا يەنە " مىللەتچى" ، " ئۇيغۇر مىللەتچىسى" ، " پانتۈركىست" دېگەن قالپاقلارمۇ كىيدۈرۈلگەن ئىدى.

## " پانتۈركىزم" ۋە " پانئىسلامىزم"

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار ھېچقاچان ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە " پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم" قالپىقى كىيدۈرگەن ئەمەس، بۇ قالپاق ئىزچىل باشقىلار تەرىپىدىن كىيدۈرۈلۈپ، جازالىنىپ كېلىنمەكتە.

تارىختىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىدىيەسى ھېچقاچان ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تەرىپىدىن شۇنىڭدەك رۇس شەرقشۇناسلىرى، ئالىملىرى، جۇغراپىيون ھەم ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، ھەتتا ھەربىي-سىياسىي دائىرىلىرى تەرىپىدىن شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم ئىنگلىز ۋە باشقا ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن "شەرقىي تۈركىستان" دەپ ئاتالغان زېمىننىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇنى قانداق نام بىلەن ئاتاش مەسىلىسىدە ئىختىلاپقا كىرمىگەن. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرىستان ئىدىيىسىمۇ باشقا تۈركىي قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىق تەرەپلەرنى، يەنى تۈركىي قېرىنداشلىقنى چەتكە قاقمىغان ئىدى.

ئەنە شۇ نۇقتىدىن 1933-يىلى، ۋە 1944-يىلى ئىككى قېتىم قۇرۇلغان مۇستەقىل ھاكىمىيەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالدى ھەمدە ئىككى قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى " شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى" دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. ئەنە شۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي يادروسى ۋە مۇستەقىللىق، ئازادلىق ئىدىيەسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئىدىيەسىنى تەشكىل قىلاتتى. مەيلى، 1930-يىللاردىكى سابىت داموللام، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، خوجا نىياز ھاجى ۋە باشقىلار بولسۇن، ۋە ياكى 1940-يىللاردىكى ئەلىخان تۆرە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىشان-مەقسىتى ، ئۇلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ئىدىيىسىگە ھەم ھەرىكىتىگە ئۆچمەنلىك ياكى چۈشەنمەسلىك نۇقتىسىدىن قارايدىغانلار ئېيتقاندەك قانداقتۇر پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئازاد قىلىپ، دۇنياۋى ئىسلامى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان " پانئىسلامىزم ۋە ياكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنى بىر سىياسىي گەۋدە ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرۇش غايىسىدىكى پانتۈركىزم ئەمەس، بەلكى پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت خىتاي كونتروللۇقىدىكى ئۆز ۋەتەنلىرىنىلا ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەم ئۇنىڭ تەركىبىدە بارلىق خەلقلەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1933-يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرئانى كەرىمگە تايىنىشى، ئىسلامى شوئارلارنى ئىشلىتىشى بۇ ھەرگىزمۇ پانئىسلامىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىسپاتى ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسا، بۇ ھاكىمىيەت ۋە ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى قېرىنداشلىرى بولغان مۇسۇلمان تۇڭگانلار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلمايتتى. ئەگەر ئۇلار پانئىسلامىست بولسا، بۈيۈك بېرتانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇش يولىنى تۇتمىغان بولار ئىدى. ئەگەر ئۇلار پانئىسلامىزم ئىدىيىسىگە ئاساسلانغان بولسا، ئۆز خىتابنامىسىدە دۇنيا دۆلەتلىرى بىلەن، ھەتتا نەنجىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولار ئىدى.

1934-1931-يىللىرىدىكى پۈتۈن جەنۇب ۋە شىمالدا ئېلىپ بېرىلغان جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش تىپىك مىللىي ئازادلىق، يەنى مىللىي ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇ دىنىي ئۇرۇش ئەمەس. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى خىتاي مىلتارىستلىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار يېڭىچە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلماقچى بولدى. ئىنقىلابنى ئېلىپ بارغۇچى خەلق مۇسۇلمانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرىشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. بۇ ھەم مۇستافا كامالنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش جەريانىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىدا ئوخشاشلا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىن پايدىلانغانلىقىغا ئوخشايتتى. بۇ ئىنقىلاب پەقەت ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەزگەن، ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغان خىتاي مىلتارىستلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ پۈتۈن غەيرى مۇسۇلمانلارغا قارشى دىنىي ئۇرۇش ئەمەس خالاس .

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ساۋاتسىز قالدۇرۇلغان ۋە مەدەنىيىتى تەرەققى قىلدۇرۇلمىغان ئۇيغۇر خەلقىدە بۇ ۋاقىتتا تېخى مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئومۇملاشمىغان،مىللىي كىملىك تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچەيمىگەن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىسلامى ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىنقىلابى ۋە كۈرىشىدە ئىسلامى دىنىي شوئارلارغا تايىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە خىتاي مىلتارىستلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان ، ئەسلى سوۋېت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق ۋە سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر دىيارىغا قېچىپ كەلگەن

قىرغىزلار بولسۇن، ئۆزبېك ياكى قازاق بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار بىلەن تارىخى ۋە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخى باغلىنىشلىقا ئىگە، تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى يېقىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىمۇ ئۆز مىللىي كىملىك تۇيغۇسىغا قارىغاندا ئورتاق تۈرك مىللىي قارىشى ھەمدە ئىسلامى ئېتىقادى زىيادە كۈچلۈك ئىدى. 1932-1933-يىللىرى قەشقەردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارغا، سىياسى ئاممۋى ھەرىكەتلەرگە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە قۇرۇلۇشى ھەم ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى تەشكىل قىلىشقا مەخمۇد نەدىمبەگ باشچىلىقىدىكى بىر قانچە تۈرك، كۆپ ساندىكى قەشقەردە ياشاۋاتقان، يەنى پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، شۇنىڭدەك قەشقەر تاغلىرىدىن تەشكىللەنگەن قىرغىز قوراللىق پىدائىلىرى قاتناشتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىلاتىدا ھەر خىل رەھبىرى ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن ئۆزبېكلەرنىڭ سانى كۆپ بولدى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدىن مەيلى سابىت داموللام ۋە ياكى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بولسۇن، ۋە ياكى خوجا نىياز ھاجى ۋە ماھمۇت مۇھىتى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتا يېتەكچىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغان بولۇپ،ئۇلارنىڭ يۇقىرقى ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق خەلقلەر ۋەكىللىرىگە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىدىن ئورۇن بېرىشى ھەرگىزمۇ بۇ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس، بەلكى مىللىي ئىستقلالىيەت يولىدا بارلىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈش، مۇسۇلمان ۋە تۈركىي خەلقلەرنى ئۇيغۇرلار ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئويىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرغانىدا 10 نەچچە يىل ۋاقىت رۇس قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، مول ھەربىي تەجرىبە ۋە ئۇرۇش قىلىش جەڭگىۋارلىقىغا ئىگە ئۆزبېكلەر ھەم قىرغىزلاردىن تۈزۈلگەن ئاتلىق قوشۇنمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىم ھەربىي قوشۇنى ئىدى. مانا شۇ بىر قاتار ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن دۆلەت نامى ئەينى ۋاقىتتا دۇنياغا تونۇشلۇق بولغان ۋە ئومۇملىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى بويىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالاتتى. ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان نامى ئاستىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا ئۇيغۇرلارنىڭ 1920-30-يىللىرى "ئۇيغۇرىستان"قۇرۇشنى مۇددىئا قىلغان مەخپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى، 1920-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا يازدا ئىشلەشكە چىقىش ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىش جەريانىدا ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن ئىبارەت مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەمدە ئۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە كۆرەشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەشۋىقاتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆپ ساندىكى قەشقەر ئاھالىسىمۇ ئىشتىراك قىلدى.قىسقىسى بىرىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى نامىنى قوبۇل قىلىشى بىرەر مەجبۇرىيەت ياكى خاتا تاللاشتىن ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن بۇ جايىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپالىقلار، رۇسلار ۋە باشقىلارغا، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان " شەرقىي تۈركىستان"نامىدىن، ئىككىنچىسى، ئىنقىلابقا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ مۇھىم ھەسسە قوشۇپ قاتناشقانلىقىدىن، ئۈچىنچىدىن ، ئىنقلاب رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزارا مۇھاكىمەسى ۋە مۇزاكىرەسى خۇلاسىسىدىن كېلىپ چىققان.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قېرىنداشلىقى، ئېتنىك بىرلىكنى تەكىتلەش ھەم شۇ پرىنسىپلاردىن پايدىلىنىش ھەم ھۆرمەت قىلىشمۇ پانتۈركىزمنىڭ ئىپادىسى ئەمەس خالاس.1944-1949- يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئازادلىق ھەرىكىتى تېخىمۇ شۇنداق بولدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆز 9 ماددىلىق مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدە دۇنيادىكى بارلىق تۈركلەرنى ئازاد قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قىلىمەن، دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر مۇسۇلمان ئىمپېرىيەسى قۇرىمەن دېمىدى. ئۇنىڭ 9 ماددىلىق خىتابنامىسىدە پەقەت بىرلا " شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش"نى، بارلىق دىنلار ۋە

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەكىتلىدى[42]. دىنىي ئالىم ۋە ئۆلىما ئەلىخان تۆرەم ۋە ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ھەم باشقا رەھبەرلەر ئەگەر پانىسلامىزم ، پانتۈركىزم پىرىنسىپى ۋە شوئارىغا تايانغان بولسا، قانداقسىگە موڭغۇل، شىبە، داغۇر ھەمدە خىرىستىيان دىنىدىكى رۇسلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل بايرىقى ئاستىدا خىتاي گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلسۇن؟. ئۇلار قانداقسىگە ئۆزلىرىنى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ پۇقرالىرى ھېسابلاپ، ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى ئۆز رەھبەرلىرى ھېسابلىسۇن؟.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئىشلار نازارىتى قۇرغانلىقى، مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلغانلىقى، يېشىل رەڭلىك ئاييۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى بىلەن بىرگە ئاق رەڭلىك ئىسلام دىنىي بايرىقى بەلگىلىگەنلىكى، ھەتتا بارلىق قوشۇنلاردىكى مۇسۇلمان جەڭچىلىرىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ،ناماز ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، دىنىي ۋە مىللى روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پولك ۋە باتالىيونلارغا ئىماملارنى بەلگىلىگەنلىكى ،ھەتتا "جەڭدە ئۆلسەڭ، شېھىت قالساڭ غازى" دېگەن دىنىي تەشۋىقاتلارنىڭمۇ بولغىنى ھەقىقەت. بۇلار ھەرگىزمۇ پانئىسلامىزمنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ستالىن ھۆكۈمىتى ئىلگىرى تۈرمىلەرگە سولىۋەتكەن خىرىستىيان پوپلىرىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، رۇس جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشىغا سەپەرۋەرلىك قىلىشقا سالغانلىقى ئۇلارنىڭ دىنىي ئىدېئولوگىيەنى ئاساس قىلغانلىقى ئەمەس ئىدى. ئامېرىكا ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىدىمۇ دىنىي ئوفىتسېرلار بولغان .ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلار جەڭچىلەر ئارىسىدا دىنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئەلىخان تۆرە پانئىلامىست بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ 1944-يىلى، 12-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ،شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا سابىق چار رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بولغان رۇسلاردىن پېتر رومانوۋىچ ئالېكساندروفنى، 1945-يىلى، 4-ئايدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ باش قوماندانلىقىغا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بىلەن ئىۋا پالېنوفنى، شتاب باشلىقىغا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بىلەن ماژاروفنى بەلگىلىمىگەن بولار ئىدى. 1945-يىلى، 7-ئايدا مىللىي ئارمىيە شىمالغا يۈرۈشنى باشلاش ئالدىدا ئەلىخان تۆرە سايرام كۆلى بويىغا كېلىپ، جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئۆز مۇسۇلمان جەڭچىلىرىنى سايرام كۆلى سۈيىدە تەرەت ئالدۇرۇپ، ئۆزى ئىمانلىق قىلىپ ناماز ئوقۇتۇپ ،ئاندىن ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئۇلارنى رۇس قوماندانلاردىن پالېنوف ۋە لېسكىننىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئەگەر ئەلىخان تۆرە پانئىسلامىست ۋە پانتۈركىست بولسا قانداقسىگە مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئۇلارنى خىرىستىيان دىنىدىكى رۇس قوماندانلارنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئەلىخان تۆرىنىڭ نەزىرىدە ئۇزۇن يىللىق ھەربىي قوماندانلىق تەجرىبىسىگە ئىگە بۇ ئۇس قوماندانلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوماندانلىرى بولۇپ ،مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇنداق يۇقىرى زامانىۋى ھەربىي مەلۇماتقا ئىگە قوماندانلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىدىن پايدىلىنىش نورمال ئەھۋال ئىدى. ئۇ مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن پارتىزانلىقنىڭ پەرقىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ رۇسلارنىڭ ھەممىسى ئەلىخان تۆرە ۋە كېيىن ئەخمەتجان قاسىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئالى رەھبىرى دەپ تونۇدى ھەمدە ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېنېراللىرى دەپ ھېسابلايتتى ،شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق جەڭچىلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، خىتاي گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا: " بەزىلەر ، بولۇپمۇ خىتايلار كېيىن بىزنى پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلدى دەپ

[42] . شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر كېڭىشىنىڭ 1945-يىلى، 5-يانۋاردىكى 4-سانلىق يىغىنىنىڭ قارارى.

يېزىشتى ، بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت. بىز ھېچقاچان مۇنداق ئىدىيەنى تەرغىپ قىلغان ئەمەس.بىز دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇق. بىز پەقەت ئۇيغۇرلارنىلا دەيلى دېسەك، شەرقىي تۈركىستاندا خىتايدىن نارازى بولغان باشقا مىللەتلەرمۇ بار .ئۇلارمۇ بىز تەرەپتە تۇرۇش كېرەك. باشقىلارنىڭ بىزنى پانتۈركىزم ۋە ياكى پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلدى ياكى بىزنى پانتۈركىست ۋە پانئىسلامىست دېگىنى بىزنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق كۈرىشى ئېلىپ بارغانلىقىمىزدىندۇر"[43] دېگەن ئىدى.

1949-1945-يىللىرى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئاخىرقى كۆزلىگەن سىياسىي مەقسىتىمۇ ھەرگىز پۈتۈن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، ئىدىل-ئۇرال بويلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى بىرلەشتۈرۈپ بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش ئەمەس،بەلكى پەقەتلا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ، باشقا تۈركىي قوۋملارنى بىرلەشتۇرگەن ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش، ئۇنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى سۈپىتىدە " چىنى تۈركىستان"نامىدا يۇكسەك مۇختارىيەتكە ئېرىشىش ئىدى. ئۇلارنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى پەقەت ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق خەلقلەرنى بىر مىللەت، يەنى تۈرك مىللىتى دەپ چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا ، يەنى مىللەتلەرگە ئايرىشقا قارشى تۇرۇش ئىدى.يەنى ئۇلار ئورتاق تۈرك مىللىي ۋە مەدەنىيەت گەۋدىسىنى تەكىتلىگەنكى، ھەرگىزمۇ پۈتۈن تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئورتاق چوڭ سىياسىي گەۋدىسىنى تەكىتلىمىدى.پەقەت خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۆز ۋەتىنى تۈركىستاننى ، يەنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھۆرلۈكىگە يېتىشىنىلا شوئار قىلدى. لېكىن، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى، يەنى رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ پۈتۈن غەربىي تۈركىستان، ئىدىل-ئۇرال ۋە باشقا جايلاردىكى تېخى 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغىچە ئايرىم مىللىي كىملىك يولىغا ماڭمىغان، تۈرك ۋە مۇسۇلمان مىللىي ھەم دىنى كىملىكىنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى پارچىلاپ، بىر-بىرىگە زىت ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە شەكىللەندۇرۇش ھەم باشقۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلەيتتى. ئۇلارنىڭ 1940- يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي يول بىلەن تەلەپ قىلغىنى " شىنجاڭ"نامىنى " تۈركىستان" ياكى" چىنى تۈركىستان" غا ئۆزگەرتىش ۋە بۇ رايوندىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئورتاق تۈرك مىللىتى دەپ ئېتىراپ قىلىش ئىدى. بۇ خىل ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت كىملىكى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئورتاقلىقنى تەكىتلەش سوۋېت ۋە خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن " پانتۈركىزم"ئىدېئولوگىيەسى بىلەن قارىلاندى. چۈنكى، رۇس كوممۇنىستلىرى ئۆچ كۆرۈپ،" پانتۈركىزم "دەپ نام بەرگەن مەزكۇر ئىدېئولوگىيە بولشېۋىزىمغا ھەمدە پۈتۈن سلاۋيانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ئورتاقلىقىنى تەكىتلەيدىغان پانسلاۋيانىزمغا، " بۈيۈك رۇس" ئىدېئولوگىيەسىگە زىت كېلەتتى. رۇسلار ۋە سوۋېت دۆلىتى 1945-1941-يىللىرى گىتلېر گېرمانىيەسىگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشتا پايدىلىنىدىغان شوئارلار تەرىقىسىدە شەرقىي ياۋروپادىكى سلاۋيان تىللىق ئەللەر ۋە خەلقلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سلاۋيان تىللىق ئۇكرائىن، بېلارۇس قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق سلاۋيانلار ئىكەنلىكى تەشۋىقاتىدىنمۇ پايدىلانغان ئىدى. قىسقىسى ئورتاق سلاۋيانلار تەشۋىقاتىنى تەكىتلىگەنلەردە مەسىلە يوق، ئورتاق تۈرك مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكىنى تەكىتلىگەنلەر "ئەشەددى دۈشمەن"،"پانتۈركىستلار" ئاتىلىپ، يوقىتىلىش ئوبېكتى قىلىندى.

خىتايدا بولسا، خىتاي بىلەن تارىخ ،مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ-ئادەت،دىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان بارلىق تۈركىي تىللىق ئۇيغۇر ۋە باشقىلارنى ئوخشاشلا " جۇڭخۇا مىللىتى " ناملىق سۈنئىي ئورتاق سىياسىيلاشقان مىللىي گەۋدە تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى خىتاي مىللىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىشى مۇدداسىغا زىت كېلەتتى. مەيلى ئايرىم ئۇيغۇر مىللىي ئىدېئولوگىيەسى بولسۇن، ۋە ياكى ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئورتاق تۈرك مىللىي كىملىكى ئىدىيەسى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم مىللەتلىك كىملىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە بارلىق ئاز

[43] شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى باش كاتىبى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ( 1914-2004) بىلەن سۆھبەت، 2003-يىلى، 11-ئاي.

سانلىق مىللەتلەرنى خىتاي مىللىتى بىلەن نەسلداس ئۇرۇق دەپ قارايدىغان جاڭ كەيشىنىڭ مىللەت قارىشى بىلەنمۇ قارشىلىشاتتى. ئۈچ ئەپەندى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىگە ۋە ئۇلاردىكى مىللەتچىلىككە قارشى تۈرك مىللەتچى سىياسىيونلىرى تەرغىپ قىلغان قۇدرەتلىك بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيەسى قۇرۇش شوئارىنى كۆتۈرمىگەن بولۇپ، ئۇلار پەقەت بىرلا نىشان-ئۆز ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان، يەنى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستانىنىلا ھۆرلۇككە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا قويغان،ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قازاقلار، قىرغىزلار، تاتارلار ۋە باشقا تۈركىي قوۋملاردىن پەرقلىق ئېتنىك ئالاھىدىلىكلەرنى ياخشى بىلگەن شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇغان،ئۇلار قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىشىدە ئىتتىپاقداش قىلىش ئۈچۈن ئورتاق تۈرك مىللى كىملىكىنى شوئاردىن پايدىلانغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار دائىم ئۆز يانلىرىغا تارتىشقا تىرىشقان ئوسمان باتۇر، جانىمقان ۋە باشقا قازاق تۆرىلىرى بولسا ئۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئەشەددىي قازاق مىللەتپەرۋەرلىرى بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئورتاق تۈرك شوئاردىن ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈنلا پايدىلانغان ئىدى. ھەقىقەتەن، مەسئۇد ئەپەندى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى، ئەيسا ئەپەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان پولات قادىرى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپ ۋە باشقا ئونلىغان ئەربابلار ئۆز ئېتنىك كىملىكى-ئۇيغۇرلۇقتىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى ئىدى خالاس.ئۇلار ئاخىردا يەنىلا ئورتاق تۈرك كىملىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى بىلەن ياشىدى ھەم ئەنە شۇ كىملىك بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى خالاس ! ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ 1940-يىللاردا سوۋېتلەرگە قارشى تۇرۇش شوئارى ئارقىلىق رۇسلارغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى خىتاي چوڭ مىللەتچىلىرىنىڭ ئەتىۋارلاش نامى ئاستىدا ئۆزلىرىدىن "پايدىلىنىۋاتقانلىقى"نى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يېنىدىكى ،ئۇنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىش قۇدرىتىگە ئىگە، ھەتتا خىتاينىمۇ دائىم بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقان زور كۈچ-سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوچۇق ئاشكارا قارشى تۇرۇپ،ئۇ ئەڭ ئۆچ كۆرگەن ئىدېئولوگىيەنى تەرغىپ قىلىشى ئەمەلىيەتتە تاكتىكا جەھەتتىكى يېڭىلىش بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرلا ئەشەددىي رەقىبى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنى بىۋاسىتە مۇستەملىكە قىلىۋاتقان خىتاي گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە خىتاي شوۋىنىزمى ئىدى. مەنتىقە ۋە تاكتىكا جەھەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرغان، مەلۇم ھەربىي كۈچگە ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مىللەتداشلىرى بولغان ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ھەر قانداق ئىدىيەۋى پەرقنى قايرىپ تاشلاپ، ھەمكارلىششى ،ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى بىرلا رەقىبكە ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى مۇستەملىكە قىلىپ باشقۇرۇۋاتقان ، كەمسىتىۋاتقان، ئېزىۋاتقان خىتاي گومىنداڭچى شوۋىنىستلىرىغا قارشى كۆرەشكە يېتەكلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار باشقا يولنى، يەنى رۇسلار ئاسانلا " پانتۈركىست" دەپ ئەيىبلەيدىغان يولنى تاللىۋالدى. ئەمەلىيەتتە جاڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى خىتاي دائىرىلىرى سوۋېتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان ئىلىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىغا كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ ئەپەندىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان قاتتىق قارشىلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئايرىم مىللەتكە ئايرىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقىلارنى پەقەت ئومۇمى تۈرك مىللىتىنىڭ قەبىلىلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت دەپ قارايدىغان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى ئۇيغۇر دىيارىدا كەڭ تەرغىپ قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن ئىدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۈچ ئەپەندىنى پانتۈركىست دەپ ئاتىدى. قىسقىسى بۇ يەردە خىتاي ئاتالمىش" پانتۈركىزم" تەشۋىقاتىنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلانغان ئىدى.

## خۇلاسە ئورنىدا

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق "ئۇيغۇر جەمئىيىتى" قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1924- يىلدىن كېيىن يەتتىسۇ رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلىرىنى داۋا قىلغۇچىلارغا ئايلانغان ئىدى. 1919- يىلى قۇرۇلغان "ئۇيغۇر جەمئىيىتى " 1921- يىلى 6- ئايدا "ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى"نىڭ تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىگە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇر نامىنىڭ رەسمىي بېكىتىلىشىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

گەرچە ئۇلار ،1922- 1927- يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا خۇددى ئۆزبېكىستان كەبى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ،ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش غايىسىدىن يانمىدى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەنە شۇ دەۋردىكى ئارزۇ- ئۈمىدلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولۇشى پەقەت بىرلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسمىتى بولماستىن ، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل- ئۇرال ۋە كاۋكازىيىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسمىتى ئىدى. چۈنكى، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزىم سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى، ئالاش ئوردا ۋە باشقا مىللىي ھاكىمىيەتلەرنى بىر- بىرلەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆز پىلانىغا ئۇيغۇن ئايرىم سوتسىيالىستىك مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇردى. ياش بۇخارالىقلار، ياش خىۋەلىكلەر، ئالاش ئوردا قاتارلىق مىللىي ۋە تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىگە تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەرنى تازىلاپ، كەڭ كۆلەملىك "پانتۈركىزم" گە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. سوۋېت ھۆكۈمىتى غەرب ۋە ياپونىيە كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش يولىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئارزۇلىرى ۋە ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىنى قىلچە نەزەرگە ئالمىدى.

خۇلاسىلىگىنىمىزدە 1919- يىلى، 2- ئايدا قۇرۇلغان 9 كىشىلىك «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» 20- ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي تەشكىلاتچىلىقى ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. خىتاي بىلەن بولغان كېلىشىمنى مۇھىم دەپ بىلگەن رۇسىيە بولشېۋىكلىرى ھاكىمىيىتى 1927- يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا يەر ئاستى ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوزغىشىنى چەكلىدى. لېكىن، بەربىر غايە ئۆزۈلۈپ قالمىدى.

دېمەك، 1919- يىلىدىكى 9 ئادەم تۈنجى قېتىم "ئۇيغۇر" ئىدىيەسى ئاستىدا تەشكىللىنىپ، كۈرەشكە ئاتلىنىش بىلەن بۇ ئىدىيە قەدەممۇ-قەدەم شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش، كۈچىيىش ۋە ئومۇملىشىش، سىياسىۋىلىشىش

جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1933- ۋە 1944- يىللاردىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئازادلىق، مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىش بىلەن بىرگە مەركىزىي ئۇيغۇر مىللىي جۇمھۇرىيەتچىلىك غايىسى دەۋرىمىزگە تۇتاشتى. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىنى نېمە دەپ ئاتىسۇن، ئۆز ھەرىكىتىگە نېمە دەپ نام بەرسۇن، باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان ئېتنىك، مەدەنىيەت تۇغقانچىلىقى، قېرىنداشلىقى ۋە ئورتاقلىقىنى تەكىتلىسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، دۇنيا تارىخى نۇرغۇن ھاكىمىيەتلەرنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئاز ئادەمدىن تەشكىللىنىپ،ئاخىرى زورىيىپ بىر دۆلەت قۇرۇلۇشقا ئېلىپ كەلگەن ۋەقەلەر بىلەن تولغان. 1921- يىلى، 7- ئايدا رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ يۆلى بىلەن شاڭخەيدە قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر كېمىدە ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيىنى ئاچقان ماۋ زېدوڭ قاتارلىق 12 ئادەمدىن تۈزۈلگەن خىتاي كومپارتىيىسى 1949- يىلى، 1- ئۆكتەبىردە، ئۆزىنى دۇنيادىكى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى دەپ ئاتىغان جۇڭخۇا مىنگو ھاكىمىيىتىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا يېڭى بىر چوڭ دۆلەتنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

لېنىن باشچىلىقىدىكى رۇس كوممۇنىستلىرىمۇ ئەسلىدە ھاكىمىيەتكە يېقىن كېلەلمىگەن ئاز ساندىكى ئادەملەردىن، قاچاقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، لېنىننىڭ ئۆزى ياۋروپادا قېچىپ ۋە سەرگەردانلىقتا يۈرگەندە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىردا ئانتانتا دۆلەتلىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن يول ئىزدەپ يۈرگەن گېرمانىيە رازۋېدكىسىنىڭ يۆلى بىلەن ئۆكتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، ئاخىرى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

خىتاي مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنىڭ داھىيسى سۇن جوڭشەنمۇ ئازغىنا ئادەمدىن تەشكىلات قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا پۇقرالىقىدىن پايدىلىنىپ، چەتئەللەردە سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ، مەخپىي ئىسيانلارنى تەشكىللەپ، ئاخىرى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ئۇنىڭ كۈچى بەك ئاجىز بولغاچقا ھوقۇقنى كۈچلۈك يۈەن شىكەيگە تارتقۇزۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

تۇنجى"ئۇيغۇر جەمئىيىتى" گە 100 يىل توشقاندا، شۇنى ئېشەنچ بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 100 يىللىق ئۇيغۇرلۇق كۈرىشى 20- ئەسىردە زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئوخشاشلا پاجىئەلەرگە يولۇققان بولسىمۇ، ئەمما 21- ئەسىردىكى بۇ كۈرەشنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك بولىدىغانلىقىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن تراگېدىيىلەر ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇمىدۋار نۇقتا شۇكى، 1919- يىلى، ئۇيغۇرلۇق كۈرىشىنى 9 ئادەم باشلىغان بولسا، ھازىر بۇ، ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان 12 مىليوندىن 20 مىليونغىچە بولغىچە ئادەملەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تەقدىرى ۋە ئورتاق مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن قىلىنىدىغان كۈرەشكە ئايلاندى.